

2025 ماي

ئومۇمىي 69-سان

# ئۇيغۇرلار

# *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



خىتاي، ئامېرىكا ۋە ئۇيغۇر ژۇرنالىست

23



خىتاي ئىقتىسادى ئۇيغۇر ئەمگىكى

48



ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر

1

2025 ماي
ئومۇمىي 69 -سان

# ئۇيغۇرلار

ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمقى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئازادئاي غەيرەت

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6009800461091



# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئۆيغىنىش

خىتاي ئىقتىسادى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش بىلەن ئۆرە تۇرماقتا

ناخشىلىرى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر ناخشىچى 12

## ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

## خەلقئارا ۋەزىيەت

ئۇيغۇر جۇغراپىيىسىگە بىۋاستە چېگرىداش خوشنا جەنۇبىي ئاسىيانىڭ «بالقانى» كەشمىردە نېمىشلار بولۇۋاتىدۇ؟ 82

ئەرزان قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارېيە تاختىسىنىڭ قاراڭغۇ تەرىپى 67

## خىتاي تەتقىقاتى

خىتاي ئۇيغۇر كىملىكىنى يېڭىدىن شەكىللەندۈرۈش ۋە ئىستراتېگىيىلىك بىر رايوننى كونترول قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلماقتا؟

ئامېرىكا مەكتەپلىرىدىكى خىتاي جاسۇسلار 73

## تۆھپىلەر ۋە پېشىۋالار

خىتاي ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقاتماقتا 31

## كۆڭۈل ۋە تەن

ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسى ۋە ئۇنى ۋەيران قىلىنىشىنىڭ ئاقىۋەتلىرى 42

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

خىتاي ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر ژۇرنالىستىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا قەست قىلدى

خىتاي دۆلىتى ئۇيغۇرلارنى رەقەملىك دۇنيادا قانداق نىشانغا ئالىدۇ 60

## تارىخ ۋە بىز

چاغاتاي خانلىقىنىڭ مۆتىۋەر ئۇيغۇر ۋەزىرى مەھمۇدبەگ يالاۋاچ 16

## گۈلىستان

نامراتلىقتا چوڭ بولغانلاردىكى يەتتە ئالاھىدىلىك 80













ئىستراتېگىيە

THE GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

# Strategic Thinking Skills

# ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى


Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي






# 19 ـ لېكسىيە: ئىستراتېگىيە مەغلۇپ بولغاندا

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## تېخىمۇ ياخشى ئىستراتېگىيە ئۈچۈن ئىدراكىي پسىخولوگىيىدىن پايدىلىنىڭ

زېھىن مۇرەككەپتۇر. زېھنىنىڭ قانداق قارار چىقىرىدىغانلىقىنى چۈشىنىش — بىلىم ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىنىڭ تېمىسى. بىز بۇ دەرستە قارارىمىزنى ياخشىلاش ۋە ئەقلىيلىككە ئۈيغۇن بولمىغان قارار بېرىشكە سەۋەب بولىدىغان بەزى تۇزاقلاردىن ساقلىنىپ قېلىشقا سەۋەب بولالايدىغان بەزى نەزەرىيەلەرنى ۋە بۇ نەزەرىيەلەرنىڭ رېئال تەدبىقلىنىشىنى بايان قىلىمىز.

## ئويلىنىش ھەققىدە ئويلىنىش

ئىش قارار چىقىرىش توغرىسىدا بولغاندا كۆپىنچىمىز ئۆزىمىزنى ئەقلىي ئىنسان دەپ قارايمىز. بىر ئاز ئىزدىنىمىز، ئوبيېكتىپ بولۇشقا تىرىشىمىز ۋە قارار چىقىرىمىز. لېكىن، ھەقىقەت شۇكى، ئويلىنىش ھەققىدە ھېچقانچە ئويلانمايمىز. مېڭىمىز بىزگە قارارلارنى چىقىرىپ بېرىدىغان تۈرۈقلۇقمۇ مېڭىمىزنىڭ فۇنكسىيىلىرىدىن خەۋەرسىز قالىمىز.

قانداق سەزگەنلىكىمىز، قانداق ھېس قىلغانلىقىمىز، نېمىنى ئەسلىگەنلىكىمىز، ئېسىمىزگە قانداق مۇراجىئەت قىلغانلىقىمىز ۋە ئۇنى يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن قانداق بىرلەشتۈرگەنلىكىمىز — بۇ ھالەتلەر بىزنىڭ ئاڭلىق رەۋىشتە يېتەكچىلىك قىلىشىمىزدىن خالىي ھالدا روياپقا چىقىدۇ. بۇ ھەقتە كەسكىن رەۋىشتە بىز بىلگەن بىردىنبىر ئىش — ئوي ـ پىكىر جەريانىمىزنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## بىر تەپەككۇر مودېلى

قانداق تەپەككۇر قىلىدىغانلىقىمىزغا ئائىت تۈنجى مودېللاردىن بىرى پايدىمىزنى ئەڭ يۇقىرى رەۋىشكە چىقىرىشقا تىرىشىدىغان ئەقلىي مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىمىزنى تەخمىن قىلىدۇ. بىز (ئىنسان بولۇش

سۈپىتىمىز بىلەن) بىر قاتار مۇمكىنچىلىك ئىچىدىكى تاللاشلارغا قاراپ چىقىمىز ۋە ئەڭ ياخشى (يەنى ئۆزىمىز ئەڭ ياخشى دەپ قارىغان) تاللاشنى روياپقا چىقىرىمىز. ئىجتىمائىيەت ئالىمى ھېربېرت سىمون (Herbert Simon) بۇ مۇمكىنچىلىكنى «چەكلىك ئەقلىيلىك» بىلەن ئالماشتۇردى.

سىموننىڭ ئاساسلىق چۈشەنچىسى، دۇنيانىڭ قولىمىزدىكى بارلىق ئۇچۇرلارنى ئانالىز قىلىشقا ئىمكان بولمىغۇدەك دەرىجىدە مۇرەككەپ ئىكەنلىكىدۇر. بۇنىڭ ئورنىغا چەكلىك بىر ئەقلىيلىك مۇھىتىدا قارار چىقىرىمىز. يەنى، چەكلىك بولغان ئەقلىيلىك ئۇچۇرنىڭ، بىلىشنىڭ ۋە ۋاقىتنىڭ چېكىدۇر.

تەتقىقاتلار زېھنىمىزنىڭ ئەقلىي قارار چىقىرىش مۇددىتىگە كىرىشتىن ئىلگىرى مېڭە كەلگەن ئۇچۇرنى ئاپتوماتىك سۈزۈپ، تېخىمۇ باشقۇرغىلى بولىدىغان ھالغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. تەجرىبە، تەربىيە، كۈلتۈرەل قەدىر-قىممەتلەر قاتارلىقلار بىز ئۈچۈن تاللاشلارنى ئازايتىدۇ.

تەتقىقاتلار — زېھنىمىز ئەقلىي قارار بېرىش باسقۇچى بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن ئىلگىرى مېڭىمىزنىڭ كەلگەن ئۇچۇرلارنى تېخىمۇ كونترول قىلغىلى بولىدىغان ھالەتكە ئەكىلىشى ئۈچۈن ئاپتوماتىك ھالدا سۈزۈپ، تېخىمۇ باشقۇرغىلى بولىدىغان ھالغا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى دەلىللىمەكتە. تەجرىبە، تەلىم، كۈلتۈرەل قەدىر-قىممەتلەر قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىدا بىز ئۈچۈن تاللاشلارنى ئازايتىدۇ.

بۇ ۋەجىدىن زېھنىي مودېللىرىمىز، بولۇپمۇ ئېغىر بېسىم، ئېغىر خەتەر ئاستىدىكى ئەھۋاللاردا دائىملا ھەقىقەتكە ماس كەلمەي قالىدۇ. زېھىن ئۆزگىچە يېتىپ كەلگەن غايەت زور ئۇچۇر دولقۇنىغا تاقابىل تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلغان بىر زېھنىي مودېلىنى يارىتىدۇ، نەتىجىدە بىز مانا مۇشۇ مودېل بىلەن ئىشلەيمىز. بۇ مودېلنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ئەقلىي شەكىلدە ھەرىكەت قىلىمىز.

**قاتمال ئويچە قارار**

ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ تەجرىبىلىك تەتقىقاتچىسى رىچارسىد ھۇۋېر (Richards Heuer) مۇنداق دەيدۇ:

«تەجرىبىلىك بىر مۇتەخەسسىس ۋەقە يېڭىچە ۋە ئويلىمىغان بىر ھالغا كىرگىنىدە، ھەقىقەتتە نېمە بولغىنىنى ھەممىدىن كېيىن تونۇپ يەتكەن بىرى بولۇشى مۇمكىن. مودېل ئۆزۈل-كېسىل ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلگەندە، بىر مەسىلە ھەققىدە ھەممىدىن كۆپ ئۇچۇرغا ئىگە بولغان ئانالىزچىلار، ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ كۆپ نەرسىنى ئۇنتۇشقا مەجبۇر بولغانلاردۇر.»

1989 ـ 1990 ـ يىللىرى ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى مۇتەخەسسىسلىرى سوۋېتنىڭ شەرقىي ياۋروپادىن چېكىنىشىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي گېرمانىيەگە بولغان تەسىرىنى كۆرۈشتە، چۈشىنىشتە ياكى گېرمانىيەنىڭ يېڭىدىن بىرلىشىشىنىڭ بەكمۇ تېز ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى پەرق ئېتىشتە كېيىن قالدى. بۇ ئەھۋالدا تەشكىلاتتىكى گېنراللار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆزىدىن قاچقان ئىشلارنى كۆرۈپ قوبۇل قىلالىشى مۇمكىن.

ئىدىيە — بىر ياكى بىردىن كۆپ كىشىدىن تەشكىللەنگەن گۇرۇپ ئىگە بولغان پەرەز ياكى كۆز قاراشلارنىڭ توپلىمىدۇر. ئىدىيە — ئۇسۇللارنىڭ، قورالالارنىڭ ۋە پەرەزلەرنىڭ كۈچلۈك شەكىلدىكى ماسلىشىشىنى ياراتقۇدەك دەرىجىدە يىلتىز تارتىدۇ. بىر گۇرۇپ ئىنسانىنىڭ كۆز قارىشى چوڭقۇر يىلتىز تارتقاندا بىز بۇنى «قاتمال ئوپچە قارار» دەيمىز.

قاتمال ئوپچە قارارغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مەشھۇر مىسالالاردىن بىرى ئامېرىكا تاشقى سىياسەت ئورگىنىنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىككە يول ئاچىدىغان سوغۇق ئۇرۇش ئىدىيىسىدۇر. (تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئامېرىكا) دۆلىتىمىز 1950 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە ئوتتۇرا شەرق، ئافرىقا ۋە باشقا يەرلەردە سوۋېت ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىپلاس رېجىملار بىلەن ئىتتىپاق قۇردى.

**روشەن سېزىمنىڭ ئالدىدىكى توسالغۇلار**

توغرا ئانالىز تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ھېس ـ تۇيغۇنىڭ ئالدىدىكى بىر قاتار كۈچلۈك توسالغۇ سەۋەبلىك قىيىنلىشىپ كېتىدۇ:

(1) ئىدىيە تېز شەكىللىنىشكە مايىل بولسىمۇ، ئالدىرىپ ئۆزگەرمەيدۇ. (2) بىز ئۆزىمىز ھېس قىلىشنى كۈتكەن ھېس ـ تۇيغۇنى ھېس قىلىشقا مايىلمىز. (3) يېڭى ئۇچۇرلار مەۋجۇت يېڭى ئىماجلارغا ئاسسىملاتسىيە بولىدۇ.

بىز ئىدىيەنى تېز شەكىللەندۈرىمىز، ئەمما بىزدە شەكىللىنىپ بولغان ئىدىيە ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ. بىز مەلۇم خىل ئىدىيەنى شەكىللەندۈرگەن، ياكى مەلۇم دۇنيا قاراشنى قوبۇل قىلغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىمىز.

ئىدىيە رامكىسىنى كۆرسىتىدىغان كەڭ تارقالغان بىر تەجرىبە تەرتىپ بويىچە تىزىلغان بىر قانچە شەكىلدىن تەركىب تاپقان بىر گرافىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گرافىكتا ھەر بىر شەكىل ئۆزىدىن

ئىلگىرىكىدىن بەكراق بۇزۇلغان بولۇپ، بۇ خىلدىكى تەدرىجىي ئۆزگىرىشلەر ئاخىرىقى رەسىمنىڭ ئەسلىدە باشتىسكىنىڭ بۇزۇلغان شەكلى ئەمەس، تامامەن پەرقلىق باشقا بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ.

ئىدىيە رامكىسى نىمىنىڭ مەنتىقىلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ھەر ئىشنىڭ ئۆز يولىدا بولۇشى كېرەكلىكىنى بىزگە ئويلاندۇرغىنىدەك، نېمىگە كۆز يۇمۇۋالماسلىقىمىز، سەل قارىماسلىقىمىز كېرەكلىكىنىمۇ بىزگە ئويلاندۇرىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى تەجرىبىلىرىمىز بۇ يېڭى تەرەققىياتلارنىڭ ئەسلىدە بىز بىلگەن بىر رامكىنىڭ پەقەتلا بۇزۇلغان ھالىتى ئىكەنلىكىگە بىزنى خاتا ھالدا ئىشەندۈرىدۇ. بۇ ھال يېڭى رامكىلارنى پەرقلەندۈرۈشىمىزگە توسالغۇ بولىدۇ.

بىزنىڭ ئانالىتىك زېھنىيىتىمىز يىلتىز تارتقانسېرى، قارار بېرىش جەريانىمىزدا تۈز ۋە ئۇدۇل ئۇسۇللارغا مۇراجىئەت قىلىشقا باشلايمىز. مانا بۇ ھېس قىلىشنى كۈتكەن نەرسىنى ھېس قىلىشقا مايىل ئىكەنلىكىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. پىكىرلىرىمىز مۇئەييەن بىر ئەھۋال توغرىسىدا ئەسلىدىنلا «بىلگەنلىرىمىز»گە تايىنىدۇ. نەتىجىدە راستتىنلا يېڭى ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرايمىز. بىزنىڭ كۈتكەنلىرىمىز ھېس-تۇيغۇلىرىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھېس-تۇيغۇ توسالغۇسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا لۇفتۋافىنىڭ بېشىدىكى كىشىنىڭ گېرمانلار بىر ئۇرۇش ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەندىن كېيىنمۇ ئىتتىپاقداشلارنىڭ ئۇزۇن مەنزىللىك ئۇرۇش ئايروپىلانى ياسىغانلىقىغا ئىشەنمەسلىك بىلەن ئۆزىنى كۆرسەتكەن.

گېرمانىيە 1941-يىلى ئىيۇل ئېيىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغاندا ستالىننىڭ سوۋېت بىلەن گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇشماسلىقىغا بولغان ئىشەنچى شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدىكى، ستالىن قول ئاستىدىكىلەردىن كەلگەن ھۇجۇم دوكلاتلىرىغا ئىشىنىشنى رەت قىلغان.

ھېس قىلىش مەسىلىسى كۆپىنچىمىز تونۇپ يەتكەندىنمۇ بەك مۇرەككەپ.

بىز ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىپ، شۇ ئۇچۇرلار ھەققىدە ئىلگىرىلەشكە باشلىغىنىمىزدا، يېڭى ئۇچۇرلارنى مەۋجۇت ئىماجلارغا ئاسسىملاتسىيە قىلىش مايىللىقىدا بولىمىز. باشقىچە ئېيتساق، يېڭى ئۇچۇرلار مۇستەقىل ھالەتتە ئەمەس، داۋام قىلىۋاتقان چۈشەنچە جەريانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

بۇ خىلدىكى تەدرىجىي ئۆچۈرۈش ئامېرىكا ئىستىخباراتى پەرەز قىلمىغان مۇمكىنچىلىكتىكى بىر توقۇنۇش ھېسابلانغان 1973-يىلىدىكى ئەرەپ-ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى بولغىنىدەك خاتا نەتىجىلەرگە يول ئېچىشى مۇمكىن.

ئانالىزچىلار ھەر كۈنى كەلگەن ئىستىخبارات ئۇچۇرلىرىنى ئالدىنقى كۈنى پەيدا بولغان خەۋەرلەرگە باغلاپ تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلاتتى. بۇ ھال چوڭ ۋەزىيەتنىڭ ماسلاشقان ھالدا چۈشىنىلىشىنىڭ ئورنىغا داۋاملاشقان بىر «بىرلەشمە لىنىيە» بايانىغا يول ئاچاتتى.

**قاتمال ئويچە قارار جەريانىدىكى سەلبىي ھالەتلەر**

قاتمال ئويچە قارار ۋە مەسىلە ھەل قىلىش جەريانىدىكى ئۆزگىرىشلەر ھەر بىر كىشىنىڭ قارارغا قوشۇلىشى بىلەن تېخىمۇ ئاۋۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئەسلىدىنلا قالايمىقانچىلىق ئىچىدىكى جەريانىنى تېخىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

گۇرۇپپىلار ئۆز ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى بەرپا قىلىش مايىللىقى بىلەن بىرگە، سىياسىي مۇلاھىزىلەرگىمۇ ئىشتىراك قىلىدۇ. بىلگىنىمىزدەك، ئىنسانلار گۇرۇپپىلاردا ۋە قاتمال ئويچە قارار جەريانىدا پەرقلىق بولىدۇ. بىر-بىرىنىڭ مايىللىقىنى كۈچەيتىدۇ ۋە ئوخشاش پىكىردە بولمىغانلار گۇرۇپتىن ئايرىلىشقا زورلىنىدۇ.

پسخولوگ ئىرۋىڭ جەنىس (Irving Janis) ئېلىپ بارغان تەتقىقات گۇرۇپپا ھالىتىدە ياردەملىشىش ۋە پىكىر بىرلىكىنى ئىزدەشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك قارار ئېلىش سۈپىتىنى چۈشۈۋېتىش مۇمكىنچىلىكىنى بايقىغان. جەنىس، كېنىدىنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ پىگس دېڭىز قولتۇقىنى ئىشغال قىلىش قارارىنى، كېيىن نىكسون ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەسلىھەتچىلەرنىڭ ۋاتېرگېيت بۇلاڭ-تالاڭنى يوشۇرۇشنى ئۆرنەك سۈپىتىدە سۇنغان.

گۇرۇپپا ھالىتىدە ئويلىنىشنىڭ سەككىز ئالامىتى ئۈچ كاتېگورىيەگە يىغىنچاقلىنىدۇ. (1) گۇرۇپپىنىڭ كۈچىنىڭ ۋە ئەخلاقىنىڭ كۆپتۈرۈۋېتىلىشى. (2) يېقىن پىكىر مايىللىقى. (3) بىردەكلىك ۋە پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىش بېسىمى.

بۇ جەھەتلەر گۇرۇپپا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدە رول ئوينىغىنىدا نالايىق قارارلارغا سەۋەب بولىدۇ.

بۇ نالايىق قارارلار ئۇنىڭ ئورنىنى ئالايدىغان قارارلارنىڭ ياكى نىشانلارنىڭ يېتەرلىك تەتقىق قىلىنماسلىقى، تاللانغان قاراردىكى خەتەرلەرنىڭ تەكشۈرۈلمەسلىكى، ئىلگىرى رەت قىلىنغان قارارلارغا قايتىدىن قاراپ چىقىلماسلىقى، ئۇچۇر ئانالىز قىلىشتىكى كەمتۈكلۈك، ئۇچۇر يىغىشتا بىر تەرەپلىمىلىك قىلىش ۋە «جىددىي ئەھۋالدا قانداق قىلىمىز؟» ھەققىدە پىلان تۈزمەسلىك قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىقىدۇ.

**قاتمال ئويچە قارار ئالامەتلىرى**

* ھەددىدىن زىيادە ئۈمۈتۋارلىق يارىتىدىغان ۋە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشنى تەشۋىق قىلىدىغان زىيانغا ئۇچرىماسلىق تەسەۋۋۇرى.

* ئەزالارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ نەتىجىسىگە ئېتىبار بەرمەسلىككە سەۋەب بولىدىغان، گۇرۇپپىنىڭ ئەخلاقىغا قىلچە شۈبھە قىلماستىن ئىشىنىش.

* گۇرۇپپىنىڭ پەرەزلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ ئەقلىيلەشتۈرۈلۈشى.

* گۇرۇپپىغا قارشى بولغانلارنىڭ زەئىپ، ناچار، خاتا كۆز قاراشقا ئىگە، باشقىلارغا ئۆچمەنلىك ساقلايدىغان، ئىقتىدارسىز ياكى ئەقلى ئىشلمەيدىغان قىلىپ قېلىپلاشتۇرۇلۇشى.

* روشەن گۇرۇپپا ئورتاق تونۇشىدىن چەتنەپ كەتكەن ئىدىيىلەرنى ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش.

* گۇرۇپپا ئەزالىرى ئارىسىدا بىردەكلىك تەسەۋۋۇرلىرى.

* گۇرۇپپىغا سوئال قويىدىغان ھەر قانداق بىر ئەزاغا «ساداقەتسىزلىك» ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادە قىلىنغان بىۋاستە ماسلىشىش بېسىمى.

* «زېھىن مۇھاپىزەتچىلىرى» نىڭ مەۋجۇتلۇقى — گۇرۇپپىنىڭ قارشى ئۇچۇرلىرىدىن قوغدايدىغان ۋە ئۆز-ئۆزىنى گۇرۇپپىغا ئاتىغا ئەزالار.

**ئانالىتىك جەريان مودېلى**

ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇر قىلىشىمىزغا ۋە بىزگە قىيىن كېلىدىغان ھەر قانداق مەسىلىدە تېخىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىمىزگە ياردەمچى بولىدىغان ئانالىتىك ئۇسۇل شەكىللەندۈرۈشىمىز ئۈچۈن تۈرلۈك ماھارەتلەر بىرلىكتە ھەرىكەت قىلالايدۇ. بۇ ماھارەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئەھۋالغا ئۇيغۇن مەنتىق، نەزەرىيىنىڭ تەدبىقلىنىشى، ئۆتمۈشتىكى ئەھۋاللار بىلەن سېلىشتۇرۇش ۋە ئۇچۇرلارغا چوڭقۇر چۆكۈش قاتارلىقلار مەۋجۇت.

ئانالىتىك جەريان مودېلىدىكى تۇنجى قەدەم مەسىلىگە تەبىر بېرىشتۇر. بۇ يەردە مەسىلىنى قولغا كەلتۈرۈلگەن جاۋاپلارنىڭ پەرق ھاسىل قىلىدىغانلىقى شەكلىدە ئىپادىلەش مۇھىم.

كېيىن بىز ھۆكۈم چىقىرىشنى توختىتىمىز ۋە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك بولغان بارچە كۆڭۈلدىكىدەك پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئارقىدىن تىزىملىكنى تېخىمۇ تەپسىلىي ئانالىز قىلىش ئۈچۈن تەتبىق قىلغىلى بولىدىغان ساندىكى پەرەزلەرگە يىغىنچاقلاپ ئازايتىمىز.

كېيىنكى قەدەم بارلىق ئۇيغۇن پەرەزلەرگە باھا بېرىش ئۈچۈن ئۇچۇر توپلاشتۇر. تېخى رەسمىي ئويلىنىش باسقۇچىمىزدا بولمىغان ئورۇنباسار پىلان-لاھىيەلەرنى قوللايدىغان ئۇچۇرلارنى تېپىپ چىقىش ئىجادىي تەپەككۇر ۋە يېڭى مۇمكىنچىلىكلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشى مۇمكىن.

يۇقىرىقىلاردىن كېيىن پەرزەرلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈك. ئەگەر دەلىلىلىرىڭىزنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئەڭ چوڭ پەرەزلىرىڭىزنى توغرىغا چىقىرىشقا مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىڭىز، ئوخشاش دەلىللەر يەنە پەرقلىق پەرزەرلەرگىمۇ ماس كېلىدىغان بولۇشى مۇمكىن. پەرەزلەرنى توغرىغا چىقىرىش ئورنىغا رەت قىلىش يولىنى تۇتۇپ ئىلگىرىلەڭ.

ئاخىرىدا ئانالىزلىرىڭىزدا كۆتۈلمىگەن ئەھۋال كېلىپ-چىقامدۇ يوق، بۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭىز مۇھىم. بىزنىڭ دۇنيارىمىز تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئانالىتىك نەتىجىلىرىمىز دائىملا ۋاقىتلىق بولىدۇ. مۇمكىنچىلىكلەرنى كۈچلۈك رەۋىشتە ئۆزگەرتەلەيدىغان ئۆزگىرىشلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم نۇقتىلارنى بەلگىلەڭ.

پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدا ئۆزىمىزدىكى ئۇچۇر زاپىسىغا ئۇيغۇن پەرزەرلەرگە مايىل هالەتتە ئىكەنلىكىمىزنى بايقايمىز. زېھنىمىزنىڭ كۆنۈپ قالغىنى بويىچە پەرەز ۋە قارار چىقىرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇنۇ ماهارەتلەرنى ئىشقا سېلىڭ:

ئەھۋالغا ئۇيغۇن مەنتىقنى ئىشقا سېلىش — ئوخشاش ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇملاشتۇرۇش ئورنىغا مەۋجۇت هالەتنىڭ رېئال تەرەپلىرىگە ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا باشلىنىدىغان ئومۇملاشتۇرغۇچى ئۇسۇلدۇر. بىز بۇ ئەھۋالغا ۋەقەلەر زەنجىرى سۈپىتىدە ئەمەس، ئوخشىشى بولمىغان ئەھۋاللار سۈپىتىدە قارايمىز.

نەزىرىيەنى تەدبىقلاش — ئومۇمىي ئەھۋالدىن خۇسۇسىي ئەھۋالغا قارىتا ئەقىل يۈرگۈزىدىغان ئومۇملاشتۇرغۇچى ئۇسۇلدۇر. نەزىرىيەنى تەدبىقلاش مۇئەييەن شارائىتلار يارىتىلغىنىدا، باشقا مۇئەييەن نەتىجىلەر مۇئەييەن بىر مۇمكىنچىلىكتە بۇ شارائىتلارغا كۆز قۇلاق بولۇپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

تارىخىي هادىسىلەرنى سېلىشتۇرۇش — ۋەقە ـ هادىسىلەرنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىدۇر. تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەن هادىسىلەرنى ۋە ئۇ ۋەقەلەردىكى پېرسوناژلارنى ياخشى ياكى ناچار قارارلارنى قانداق چىقارغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تەتقىق قىلىنىدۇ.

ئۇچۇرلارنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى — بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلارنى ئەقلىيلىك ئاساسىدا باستۇرۇش بىلەن بىرگە ئۆزگىرىنى ئۇچۇرلارغا يەم قىلىۋېتىشتىن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردىكى پىكىر — ئۇچۇرلاردىن ئوتتۇرىغا چىققان قىلىپلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردا سىناق قىلىنالىشىدۇر.

**ئىستراتېگىيىدە قوللىنىلىدىغان بىلىش پسىخولوگىيىسى**

بىلىش پسىخولوگىيىسى هەر دائىم زېھنىنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقى هەققىدە يېڭى تەتقىقاتلارنى قوغلىشىش بىلەن بولىدۇ. بىلىش پسىخولوگىيىسى ئىستراتېگىيە ئۈچۈن هەم ئانالىتىك ئوچۇقلۇقنى توسقۇنلۇقتا ئۇچرىتىدىغان سىرتقى ئۆزگەرتىشلەرنى چۈشىنىش جەھەتتە، هەم ئىچكى بىلىش جەريانلىرىمىزنىڭ سىرتقى دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك تۇيغۇلىرىمىزنىمۇ ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېتەلەيدىغان يوللارنى چۈشىنىش جەھەتتە بەك مۇھىم.

ئىنساننىڭ ئىش ھەرىكىتىنىڭ ھەيران قالارلىق دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك رېئال چۈشەنچىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋاقىت ئالىدۇ. لېكىن بۇ ئاساستا مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىغان شەكىلدە ئىستراتېگىيە بەرپا قىلىشنى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ھەرىكەت قىلىشنى ئۆگىنەلەيمىز.

**بىلىشكە تېگىشلىك شەخس**

ئىرۋىڭ جەنىس (1918 ـ 199): گۇرۇپپا ھالىتىدە ئويلىنىشنىڭ كۈچلۈك قارار بېرىش جەھەتتىكى مۇھىم سەلبىي تەسىر سۆپىتىدە تونۇلۇشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى جەھەتتە ئىۋرىڭ جەنىسنىڭ سەۋىيەسىگە يېتىدىغان نەزەرىيەشۇناسلار بەك ئاز. جەنىس ئەقلىي ئانالىزنىڭ ئورنىنى باسىدىغان شەكىلدە پىكىر بىرلىكى بەرپا قىلىشنىڭ خەتەرلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن.

**تەۋسىيە قىلىنىدىغان كىتاپلار**

ئالىسون: «قارارنىڭ ماھىيىتى» (Allison, *Essence of Decision*)

ھالپېرن: «بىيۇكراتىك سىياسەتلەر ۋە خەلقئارا سىياسەت» (Halperin, *Bureaucratic Politics and Foreign Policy*)

خۇۋېر: «ئىستىخبارات ئانالىز پسىخولوگىيىسى» (Heuer, *Psychology of Intelligence Analysis*)

جەنىس: «قاتمال ئويچە قارار» (Janis, *Groupthink*)

جېرۋىس: «خەلقئارا سىياسەتتە چۈشەنچە ۋە خاتا چۈشەنچە» (Jervis, *Perception and Misperception in International Politics*)

شافىر ۋە كرىچلوۋ: «خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى قاتمال ئويچە قارار ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك قارار چىقىرىش» (Schafer and Crichlow, *Groupthink versus High-Quality Decision Making in International Relations*.)

**ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار:**

1. قاتمال ئوپچە قارار بىر ئورگاننىڭ ھەر قانداق بىر سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇشىنى مۇمكىن ياكى ئۇ «ھەقىقەتلەر» توغرىسىدا ساختا پىكىر بىرلىكى شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاۋام سىياسىتى ھەققىدىكى بىر قىيىن سوئال ئامېرىكانىڭ رۇسىيە رەئىسى ۋلادىمىر پۇتىنغا بولغان كۆز قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سىزچە رۇسىيە رەئىسى ھەققىدىكى كۆز قاراشلاردا سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدىن قالغان قاتمال ئوپچە قارار پىكىر بىردەكلىكى مەۋجۇتمۇ؟

2. قاتمال ئوپچە قارار گورۇپپا مۇناسىۋىتىڭىزدە سىزنى ھەر قانداق شەكىلدە تەسىرگە ئۇچرىتامدۇ، قاتمال ئوپچە قارار پىرىكىگە ماسلىشىش ئۈچۈن بېسىم ھېس قىلامسىز؟ ئەگەر بېسىم ھېس قىلسىڭىز، بۇ بېسىم نەدىن كېلىدۇ، قاتمال ئوپچە قارار قورشىۋالغان ئاساسىي ئۇقۇمنى كىم قارار قىلىدۇ؟

3. ئەسلى مەسىلىگە خاتا تەبىر بېرىلگەندە توغرا ئانالىز مۇمكىن بولمايدۇ ۋە بۇ خاتا تەبىر نۇرغۇنلىغان خاتا ئانالىزنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئەڭ باشتىن ئېتىبارە «بۇ يەردە نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟» سوئالىنى بىز ئىزدىگەن جاۋابلارنىڭ باشتىنلا تېپىپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان جاۋابلار بولۇشنى روياپقا چىقىرىدىغان شەكىلدە سوئالغا تەبىر بېرىشىمىزنى روياپقا چىقىرىدىغان ئەقلىي ۋە ئوچۇق بىر زېھن بىلەن سورىشىمىز لازىم. گورۇپپا مۇناسىۋىتىمىزدە ئاساسلىق قىيىنچىلىقلارنى قانداق تاللايسىز ۋە ئۇنىڭغا قانداق تەبىر بېرىسىز، سوئالنىڭ تەبىرى ئومۇمىي جەھەتتىن گورۇپپىڭىزنىڭ غايىسى بىلەن بىردەكمۇ؟

4. ياخشى قارار چىقىرىشقا توسالغۇ بولىدىغان توسالغۇلار كۆپ بولۇپ، بۇ توسالغۇلارنىڭ ئەڭ ئاز بىرەر ئىككىسىنىڭ بولسىمۇ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان كىشى بەك ئاز. بۇ دەرسنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، قايسىلىرىنىڭ سىز ئۈچۈن مەسىلە ھېسابلىنىپ ھېسابلانمايدىغانلىقىنى جەھەتتە ياخشى پىكرىڭىز بار بولىدۇ. دۇرۇست شەكىلدە باھا بېرىپ، بۇ يەردە مۇلاھىزە قىلىنغان بىلىشكە ئائىت مەسىلىلەردىن قايسىلىرىنىڭ سىزگە ھەممىدىن بەك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىڭ ۋە بۇ مايىللىقلاردىن قانداق ساقلىنىدىغانلىقىڭىزنى بەلگىلەڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

(داۋامى كېيىنكى ساندا)





# ناخشىلىرى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر ناخشىچى

شياۋ لى

# ناخشلىرى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر ناخشىچى

شياۋ لى

ياشار شۆھرەت ئۇيغۇر رەپ ناخشىچىسى ۋە ناخشا تېكستى يازغۇچىسى. ئۇ «ناخشا تېكستى ئارقىلىق ئاشقۇنلۇقنى كۈيلەش» جىنايىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇنىڭ 2024-يىلى 6-ئايدا جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى خەۋەر قىلدى، ئەمما بۇ خەۋەر بۇ يىلىنىڭ بېشىدا خەلقئارا جامائەتچىلىككە ئاشكارىلاندى. ياشار شۆھرەت ئىلگىرى 2022-يىلىنىڭ ئاخىرىدا چېگرىدا دۆلەتنىڭ «Covid» نىڭ قامالىغا قارشى «ئاق ۋاراق نامايىشىغا» قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بىر قانچە ھەپتە قامالغان.

«WOMEN 我们» ژۇرنىلى يېقىندا ياشارنىڭ دېلوسى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ جازا مۇددىتى ۋە جىنايەتلىرى ھەققىدە يېڭى تەپسىلاتلارنى ئاشكارىلىدى.

**چېگرادىكى مەھبۇس**

2023-يىلى 11-ئاي، كەچ كۈز. بىر ئادۇۋكات جاپالىق سەپەرگە ئاتلاندى. بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە 4 سائەت 20 مىنۇتلۇق ئۇچۇش، ئاندىن 4 سائەت 5 مىنۇتلۇق يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز سەپىرى ئاخىرى ئۇنى بۆرتالاغا ئېلىپ كەلدى.

بۆرتالا شەرقىي تۈركىستان چېگراسىغا جايلاشقان ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولۇپ، خىتاينىڭ «خوراز قۇيرۇقى»نىڭ ئەڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. بۆرتالا يىراقتىكى قاراۋۇلخانىلاردىن بىرى. بېيجىڭدىن 3282 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتا، رايون پايتەختى ئۈرۈمچىدىن 524 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتا. قازاقىستان بىلەن 95 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چېگرىلىنىدۇ.

ئادۇۋكات شەھەردىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا ياشار بىلەن كۆرۈشتى. بۇ ياشارنىڭ 8-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۆزى تۇرغان چېگىدۇدىن ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىنكى ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە تۇنجى قېتىم تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىشى بولۇپ، ياشارنىڭ دوستى ئادۇوكاتنىڭ ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بىر رەسىم سىزدى: ياشارنىڭ ئەھۋالى ناچار ئىدى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى قورقۇنچقا تولغان ئىدى.

چېڭدۇنىڭ ئاۋات ئاۋات چايخانىلىرى، يەر ئاستى قاۋاقخانىلىرى ۋە ئۆزگىچە كىتابخانىلىرىدا ياشار كىشىلەر ئارىسىدا پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ 20 نەچچە ياشقا كىرگەن بولۇپ، پاچاقلىرى ئۇزۇن، كۆزلىرى چوڭ، كېلىشكەن ياش يىگىت. ياشار ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۇيغۇرچە مۇزىكىلارنى ئىشلەشكە باشلىغان. ياشار دېمەكچى بولغانلىرىنى شېئىرىي شەكىلدە يېزىپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنى مۇزىكىلاشتۇراتتى. ياشارنىڭ باشقا رەپچىلەردىن پەرقلىنىدىغان تەرىپى شۇكى، ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئۇيغۇرچە ئىدى.

2023-يىلى 8-ئاينىڭ 9-كۈنى، دۇنيا ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى چېڭدۇدا ئاخىرلاشقاندىن بىر كۈن كېيىن، بۆرتالا ساقچىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىن يېتىپ كېلىپ ئۇنى ئىجارە ئالغان ئۆيىدىن ئېلىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ياشار 25 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلىگەن.

ياشار جىمجىت غايىپ بولدى، ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىدى. ھېچقانداق ھۆججەت ۋە رەسمىيەتسىز ھالدا قولغا ئېلىندى. چېڭدۇدىكى قىز دوستىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنى كىمنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن مىش-مىش پاراڭلار ئۇنىڭ يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېتىلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 11-ئاينىڭ 13-كۈنى، يەنى ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭ دېلوسىنى تەكشۈرۈش ئاخىرلىشىپ، بۆرتالا شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە قايتا قاراپ چىقىشقا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئادۋوكاتى ئاخىرى بۇ دېلو توغرىسىدا تولۇق ئۇچۇرغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئادۋوكات بۆرتالاغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

### جىنايى ئىشلار ھۆكۈمنامىسى

«WOMEN 我们» ژۇرنىلى يېقىندا ياشارغا مۇناسىۋەتلىك جىنايى ئىشلار ھۆكۈمىگە ئېرىشتى. ھۆكۈمنامىدە ياشار «ئاشقۇنلۇقنى تەشەببۇس قىلىش» ۋە «ئاشقۇنلۇقنى تەشەببۇس قىلىدىغان بۇيۇملارنى قانۇنسىز ساقلاش» بىلەن ئەيىبلەنگەن بولۇپ، بۇ خىتاي جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 3-120-ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن جىنايەتلەر. ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىدە بەش يىلدىن ئالتە يىلغىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ئەمما سوت ئاخىرى ئۇنى ئۈچ يىللىق كەسكەن. كېيىن ئۇ شىخۇ تۈرمىسىگە يۆتكەلگەن.

ياشارنىڭ جازا مۇددىتى 2023-يىلى 8-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن باشلىنىپ، 2026-يىلى 8-ئاينىڭ 10-كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. سوت ھۆججىتىدە دېيىلىشىچە، ياشار «NetEase» بۇلۇت مۇزىكىسىدا ئەللىك بىر ناخشىنى ئېجاد قىلغان ۋە نەشىر قىلغان. بۇ ناخشىلاردىن قىرىق ئىككىسى 2017-يىلى ئۆكتەبىردىن 2023-يىلى 8-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا «ئەسەبىيلىكنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەسىلە بار ناخشىلار» دەپ بېكىتىلگەن. تەپتىش مەھكىمىسى يەنە ياشارنى 2020-يىلىدىن 2023-يىلىغا قەدەر شىنجاڭ تەشۋىقات نازارىتىنىڭ رەسمىي ھۆججىتى بويىچە مەسىلىسى بار دەپ قارالغان ۋە تېرور پىكىرلىرىنى ياكى دىنىي ئاشقۇنلۇقنى تەشەببۇس قىلىدىغان سەككىز پارچە ئېلېكترونلۇق كىتابنى توردىن سېتىۋېلىش ئۈچۈن VPN ئىشلەتكەن دەپ ئەيىبلىگەن.

چەكلەنگەن بۇ كىتابلار ئارىسىدا زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» (ئۈچ توم) ۋە تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» ناملىق ئەسىرى بار.

خىتاي 2015-يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. ياشارغا قارىتىلغان ئەيىبلەش جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 120-ماددىسىغا قوشۇلغان يېڭى جىنايەت تۈرىگە ئاساسلانغان بولۇپ، بۇ قانۇن 9-قېتىملىق تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە 2015-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان. بۇ خىل جىنايەتلەرگە ئەڭ يۇقىرى بولغاندا بەش يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. بۇ قانۇن تۈزىتىلىپ ئۇزۇن ئۆزۈن ئۆتمەي، شۇ يىلى 12-ئاينىڭ 27-كۈنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى ماقۇللىدى، بۇ قانۇن 2016-يىلى 1-يانۋاردىن باشلاپ يولغا قويۇلدى.

«WOMEN 我们» ژۇرنىلىنىڭ ئەسكەرتىشىچە ، ياشار قولغا ئېلىنغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ «uigga» سەھنىسى نامىدا تورغا چىقارغان بارلىق ناخشىلىرى يەنىلا زىيارەت قىلىنغان. ئۇنىڭ ھېساباتى 2024-يىلىنىڭ بېشىغىچە ئۆچۈرۈلمىگەن.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://safeguarddefenders.com/en/blog/new-details-emerge-uyghur-rapper-imprisoned-his-music-china



# چاغاتاي خانلىقىنىڭ مۆتىۋەر ئۇيغۇر ۋەزىرى مەھمۇدبەگ يالاۋاچ

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# چاغاتاي خانلىقىنىڭ مۆتىۋەر ئۇيغۇر ۋەزىرى مەھمۇدبەگ يالاۋاچ

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

چىڭگىزخان 1206 ـ يىلى قۇرغان موڭغۇل ئىمپېرىيەسى تاجاۋۇز قىلغان جايلار تارىختا زادىلا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىپايان جۇغراپىيىلىك جايلارغىچە يەتتى. بۇ كېڭىيىش ھەرىكىتى موڭغۇل دۆلىتىنىڭ بىر خىلدىكى مەدەنىيەت ۋە مەمۇرىي قۇرۇلمىدىن ھالقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ خىل ئالاھىدە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتە، دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى تونۇشىغا مۇخالىپ ھالدا يېڭى قوشۇۋېلىنغان جايلاردا يېڭى باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە موڭغۇل بولمىغان دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا كۆپلەپ قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلارنى ئاساسلىق كۈچ قىلغان مۇسۇلمان ۋە بەزى خىتاي دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرىمىز.

موڭغۇل ئىمپېرىيەسىدىكى غەيرى موڭغۇل دۆلەت ئەرباپلىرىنى ئېنىقلاش تەتقىقاتى بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتىنىڭ مەمۇرىي خىزمىتىگە تۆھپە قوشقان ۋە بيۇروكراتلىق مەنىدىكى دۆلەتنىڭ ئۇلىنى قۇرغان موڭغۇل بولمىغان دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ پائالىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خارەزىملىك ئۇيغۇر سودىگەر مەھمۇد يالاۋاچنىڭ ئۇيغۇرلۇق ۋە مۇسۇلمان كىملىكى بىلەن بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ئىچىدىكى ھەقىقىي نوپۇزى ۋە ئورنىنى ئېنىقلاپ خەلقىمىزگە سۇنۇشقا تىرىشىمىز. مەھمۇد يالاۋاچ ئەل خارەزىمى، ئەڭ نوپۇزلۇق تارىخىي مەنبەلەردە ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇن ئالالمىغان نامسىز قەھرىماندۇر. ئۇ زەرەكلىنىڭ مەشھۇر شەخسلەر ناملىق ئەسىرى، ھەتتا ئەھمەد ئەل ئالۋانىنىڭ داڭلىق شەخسلەر ناملىق مەشھۇر ئەسەرلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان، ھەتتا خەلقئارا ئەرەب قامۇسىدىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. گەرچە، ئاللاھ بۇ ئۆزگىچە ئالىيجاناپ كىشىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنى موڭغۇللار قولىدا ھالاك بولۇشتىن ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكىلەر بۇ تەڭداشسىز كىشىنى ئۇنتۇپ كېتىشكەن. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق بولغىنى،

بۇ كىشىنى هازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسەن تونۇماسلىقى ۋە ئىش ـ ئىزلىرى ھەققىدە ھېچنىمىنى بىلمەسلىكىدۇر.

چىڭگىزخان، ئۆگەدەيخان ۋە مەڭگۇ ( مۆڭكۇ ) خانلارغا باش ۋەزىر ۋە باش مۇشاۋىر بولغان دۆلەت ئەربابى مەھمۇد يالاۋاچ مىلادىيە 1171 ـ يىلى 11 ـ ئايدا خارەزملىق بىر ئۇيغۇر سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئىناۋىتى ۋە داڭقى ئۆزىنىڭ خارەزملىق يۇرتدىشى داڭلىق خارەزىمشاھ ئالائىددىن مۇھەممەد ئىبنى تاكەش سۇلتانغا قىلغان دىپلوماتىك ۋەزىپىسىدىن باشلانغان، مۇشۇ تۇنجى دىپلوماتىك پائالىيىتىدىن كېيىن ئۇ پۈتۈن تۈركىستان تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇ 1218 ـ يىلىدىكى مۇھەممەد شاھقا قىلغان دىپلوماتىك ۋەزىپىسىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى سەۋەبىدىن «يالاۋاچ» دەپ ئاتالغان. ئەنۇ شۇ چاغدىن باشلاپ، مەھمۇد ئەل خارازىمىنىڭ ئىسمى مەھمۇد يالاۋاچقا ئۆزگەرگەن. بۇنىڭ مەنىسى: مەھمۇد دىپلومات (ۋەكىل، ئەلچى) دېگەنلىك بولۇپ، كېيىنچە ئۇ بۈيۈك چىڭگىز قاغان ئوردىسىدىكى تايانچ تۈۋرۈكلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. خارەزىم پادىشاھلىقى (1099 ـ 1221) پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، مەھمۇد يالاۋاچ چىڭگىزخان موڭغۇل دۆلىتىنىڭ دۆلەت تۈۋرۈكلىرىنىڭ بىرى دەپ قارالغان ۋە ئۈچ ئەۋلاد قاغان تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن.

مەھمۇد يالاۋاچ چىڭگىزخان دەۋرىدە ئەمەلىي ئىقتىدارى ھەممىدىن ئۈستۈن بولسىمۇ، لېكىن مۈلكىي ۋە ئەسكىرىي ئىشلاردا ھېچقانداق چوڭ ھوقۇق تۇتمىغان. پەقەت چىڭگىزخانغا دادىل ۋە مەردانە ھالدا مەسلىھەت بېرىپ تۇرغان. بۇ ھالەت ئۇنىڭ قاغانلىقتىكى نوپۇزىنى ۋە ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. چىڭگىزخان 1224 ـ يىلى غەرپتىكى يۈرۈشىنى تۈگىتىپ موڭغۇلىيەگە قايتقاندا ئۇنى بىللە ئېلىپ قايتىپ، 1225 ـ يىلى ئۇنى سادىق نەۋكىرى مۇقالىنىڭ ئورنىغا خىتاي تۇتۇقبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. مۇقالى 1223 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تاڭغۇتلار ۋە جۇرجىتلارنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىدا زور تالاپەتكە ئۇچراپ قازا قىلغان ئىدى. مەھمۇد يالاۋاچ 1225 ـ يىلىدىن 1227 ـ يىلىغىچە خانبالىق (هازىرقى بېيجىڭ) دا تۇرۇپ، چىڭگىزخاننىڭ تاڭغۇتلارنى ئۇتۇقلۇق تارمار قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. 1227 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى چىڭگىزخان تاڭغۇت يۈرۈشىدە تۇيۇقسىز ئۆلگەندىن كېيىن، مەھمۇد يالاۋاچنى ئۆز ئاتىسىدەك كۆرىدىغان ئۆگەدەيخان ئۇنى دەرھال خانبالىقتىن قاراقۇرۇمغا چاقىرىپ كەلگەن. مەھمۇد يالاۋاچنىڭ خان جەمەتى ئىچىدىكى ھۆرمىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، ھەممەيلەن ئۇنىڭ قاغانلىققا كۆرسەتكەن نامزاتىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن. شۇڭلاشقا، مەھمۇد يالاۋاچ جۇجى بىلەن چاغاتاي ئارىسىدىكى قاتتىق رىقابەت ۋە ئاداۋەتنىڭ پۈتۈن تۈركىستانىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى زۆرۈر دەپ قاراپ، تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان قىرغىنچىلىقنى چېكىدىن

ئېشىپ كەتتى دەپ قاراپ كەلگەن ئۆگەدەيخاننى يېڭى قاغان نامزاتى قىلىپ كۆرسەتكەن. ھەممەيلەن شەرتسىز ھالدا ئۇ كۆرسەتكەن يېڭى قاغان ئۆگەدەيخانغا بەيئەت قىلىشقان.

ئۆگەدەيخان دەۋرىدە، تۈركىي مۇسۇلمان خەلقلەر بىلەن موڭغۇللارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلانغان. بۇ دەۋردە، ئۆگەدەي قاغان مەھمۇد يالاۋاچنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، شىمالىي خىتايدىن تولۇق ۋاز كەچكەن بولسىمۇ يەنىلا ئوتتۇرا خىتاينى بازا قىلىپ پۈرسەت كۈتۈۋاتقان جۇرجىت ئالتۇن خانلىقىغا يۈرۈش قىلىپ، 1236 ـ يىلى يازدا ئالتۇن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ، سېرىق دەريا ۋە يېشىل دەريا ئارىسىدىكى پۈتۈن خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىنى ئىشغال قىلغان. بۇ يۈرۈش ئۇتۇقلۇق بولغاندىن كېيىن، مەھمۇد يالاۋاچ موڭغۇل نويانلىرىنىڭ غەربىي ئىسلام دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇشتەك ئۇرۇش پىلانىغا قارشى چىقىپ، تۈركىستاننىڭ چىڭگىزخان دەۋرىدە خانىۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئالدى بىلەن بۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىنى ۋە خەلقىنى گۈللەندۈرۈش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئۆگەدەي قاغان بۇنى توغرا تېپىپ، بۇ قېتىملىق يىراققا يۈرۈشنىڭ نىشانىنى دەشتى قىپچاقتىن شەرقىي ياۋروپاغا ئۆزگەرتكەن. بۇ قېتىملىق يۈرۈشكە چىڭگىزخاننىڭ ئىستېبداتلىق چوڭ نەۋرىسى باتۇخان قوماندانلىق قىلغان. موڭغۇل قوشۇنى 1237 ـ يىلى ئېتىل دەرياسى بويىدا قىشلاپ، شۇ يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ قىپچاقلار ۋە كۇمانلارغا زەربە بەرگەن. 1238 ـ يىلى ھازىرقى جەنۇبىي رۇسىيە تەۋەسى ئىشغال قىلىنغان. 1239 ـ يىلى قىرىم يېرىم ئارىلى ئىشغال قىلىنغان. 1240 ـ يىلى بۈيۈك كىيېۋ ئورۇس دۆلىتى مۇنقەرز بولغان. شۇ چاغدىكى موسكۋا كىنەزى ياروسلاۋ ۋە ئوغلى ئىسكەندەر موڭغۇللارغا تەسلىم بولۇپ، يۇرتلىرىنى قوغداپ قالغان. 1241 ـ يىلى موڭغۇل قوشۇنى شەرقىي ياۋروپانى بويسۇندۇرۇپ، غەربىي ياۋروپاغا قىستاپ كەلگەن. شۇ يىلى 9 ـ ئاپرىل موڭغۇل قوشۇنى بۈگۈنكى كراكوۋ يېقىنلىرىدا پولشا ـ گېرمان ياۋروپا بىرلەشمە ئارمىيىسىنى تولۇق تارمار قىلىپ، غەربىي ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇنى تولۇق سۆپۈرۈپ تاشلىغان. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن مۇقەددەس رىم ئىمپېراتورى ئالاھىدە بىر كېمە تەييارلىتىپ، تەخت ـ سەلتەنىتىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ ئىتالىيەدىن مىسىرغا قاچماقچى بولغان.

مەھمۇد يالاۋاچ 1229 ـ يىلىدىن باشلاپ، موڭغۇللار ئىلكىدىكى پۈتۈن تۈركىستان شەھەرلىرىنى قايتا ئاۋات قىلىش ۋە باج ئارقىلىق خانىۋەيران قىلىنغان بارلىق چوڭ شەھەرلەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئون يىلغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، چىڭگىزخان خانىۋەيران قىلىپ تاشلىغان بۇخارا، خارەزىم، مەرۋە، ئۆزكەند، ئوترار، ئۆرگەنچ ۋە تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەرنى قايتىدىن گۈللەندۈرگەن. مەھمۇد يالاۋاچ بىۋاستە ئۆگەدەي قاغان ئالدىدا جاۋاپكار بولغاچقا، ھەممە ئىشتا تولۇق ھوقۇقلۇق ئىش كۆرەتتى. بۇ ھالەت 1224 ـ يىلىدىن بۇيان قاراخانىلار تەۋەسىنى ئاساس قىلىپ يېڭى قۇرۇلغان چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى بولۇۋاتقان چاغاتايخاننىڭ

قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. چۈنكى، ئۇ 15 يىلدىن بۇيان پەقەت نامىدىلا ھۆكۈمران ئىدى. ئۇنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇش دائىرىسى پەقەتلا ئاتىسى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بەرگەن موڭغۇل قەبىلىلىرى بىلەنلا چەكلىنەتتى. لېكىن خانلىقنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كۆپ سانلىق خەلقى ۋە پۈتۈن چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى مەھمۇد يالاۋاچ بىۋاسىتە باشقۇراتتى. شۇ ۋەجىدىن چاغاتاي ئۆزىنىڭ تەخت ـ سەلتەنىتىنىڭ مەھمۇد يالاۋاچقا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قەستەن جېدەل ـ ماجرا قىلىشقا باشلىغان. مەھمۇد يالاۋاچ ئىمكانقەدەر ئۆزىنى جېدەلدىن تارتىپ، ئىشىنى داۋام قىلىۋەرگەن. چاغاتايخان بۇنىڭدىن تېخىمۇ جىلە بولۇپ، ھەر پۇرسەت بولغىنىدا مەھمۇد يالاۋاچ ئۈستىدىن ئىنىسى ئۆگەدەي قاغانغا شىكايەت قىلىشنى ئادەت قىلغان. مەھمۇد يالاۋاچ بىلەن چاغاتايخاننىڭ مۇناسىۋىتى 1225 ـ يىلى يازدا ئەللامە يۈسۈپ سەككاكىنىنى ناھەق تۈرمىگە تاشلىغاندىن بېرى يامانلىشىپ كەتكەن ئىدى. چاغاتايخان مەھمۇد يالۋاچ بىلەن 15 يىلدەك قېرىشىپمۇ ئۇنىڭ نوپۇزىنى ۋە ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرالمىغاچقا، ئاخىرقى بەش يىللىق ئۆمرىدە ھاراق ـ شارابقا خۇمار بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ خانلىق نوپۇزىنى تېخىمۇ يوقۇتۇپ قويغان. ئۆگەدەي قاغان ئۆز ئاكىسىنىڭ ئۇستازى مەھمۇد يالۋاچقا يوشۇرۇن قەست قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، 1240 ـ يىلى باھار ئايلىرىدا مەھمۇد يالاۋاچنى پايتەخت قاراقورۇمغا يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بۈيۈك دۆلەت ئەربابى ۋە باش مۇشاۋىر مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىپ، قاغانلىقنىڭ پۈتۈن مۈلكىي ـ مەمۇريي ئىشلىرىنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرغان. ئەينى چاغدىكى قاغانلىق تەۋەسىدە مەھمۇد يالاۋاچنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ھېچكىم بولمىغاچقا، قاغان مەھمۇد يالاۋاچنىڭ ئىقتىدارلىق ۋە ھىممەتلىك ئوغلى مەسئۇد يالاۋاچنى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تۈركىستاننىڭ باش مۇپەتتىشى ۋە باجگىرى قىلىپ تەيىنلىگەن. مەسئۇدبەگ ئاتىسى قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن يەنە بىر قۇتلۇق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدا ئۇنتۇلماس تۆھپە ياراتقان. ئۇ 1212 ـ يىلدىن 1218 ـ يىلغىچە خانىۋەيران قىلىپ تاشلانغان ئەزىزانە قەشقەر ۋە شەھىدانە خوتەننى قايتىدىن گۈللەندۈرۈپ، ساچىيە كۇتۇپخانىسى ۋە خانلىق مەدرىسىلەرنى قايتىدىن ئىنشا قىلغان. ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسى ھازىرغىچە مەدھىيەلەنمەكتە ۋە ياد ئېتىلمەكتە.

مىلادىيە 1241 ـ يىلى 11 ـ دېكابىر ئۆگەدەي قاغان قازا قىلغان. 1242 ـ يىلى چاغاتايخانمۇ ھاراقنى جىق ئىچىۋېلىپ ئۆلگەن. غەربىي ياۋروپانى بويسۇندۇرۇشقا تەييارلانغان موڭغۇل قوشۇنى 1242 ـ يىلى ئەتىيازدا بۇ شۇم خەۋەردىن ۋاقىپ بولۇپ، يېڭى قاغان سايلاش ئۈچۈن غول قوشۇننى ئېتىل ۋە ئۇرال ۋادىلىرىغا قايتۇرۇپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ، غەربىي ياۋروپا ئىشغالدىن قۇتۇلۇپ قالغان. شۇنىڭدىن بۇيان ھېچبىر شەرق مىللىتى ياۋروپانى ۋەھىمىگە سېلىپ باقمىغان. ئۆگەدەي قاغان ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى مەھمۇد يالاۋاچنى خىتايغا ئەۋەتىپ، ئۇنى خانبالىقتا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە باش مۇپەتتىش قىلىپ تەيىنلەپ، خىتاي نوپۇسىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، يېڭى باج تۈزۈمى ئورنىتىشقا تەكلىپ قىلغان ئىدى. شۇڭا، ئۇ خانبالىقتا نەچچە يىل تۇرۇپ قالغان. بۇ جەرياندا، تەختنى قولىغا ئېلىۋالغان تۈركىنا

خاتۇن مەھمۇد يالاۋاچنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا ئۆزگە سادىق ئابدۇراخمان دېگەن كىشىنى ۋەزىر ۋە باش مۇشاۋىر قىلىپ تەيىنلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، مەھمۇد يالاۋاچ ئۆزىنىڭ تۈركىستاندىكى ئىشىنى ئوغلى مەسئۇد بەگكە ھاۋالە قىلىپ، ئۆزى پەقەت بۇرۇنقى ئالتۇن خانلىقىغا تەۋە بولغان شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ختاينى مۇستەقىل ئىدارە قىلىش بىلەن چەكلەنگەن. مەھمۇد يالاۋاچنى ئورنىدىن سىقىپ چىقارغاندىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ قاغان سايلاش ئىشى تاكى 1251 ـ يىلىغىچە كېچىكىپ كەتكەن. يېڭى قاغان مەڭگۈ ( مۆڭكۈ ) خانمۇ يەنىلا پېشقەدەم ۋەزىر مەھمۇد يالاۋاچ بىر قوللۇق تەربىيىلىگەن بەركەخاننىڭ ئاكىسى باتۇخان تەرىپىدىن قايتا تەختكە چىقىرىلغان.

مەھمۇد يالاۋاچنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تارىخىي تۆھپىسى كەلگۈسىدە ختاينى مەركەز قىلىپ قۇرۇلىدىغان يېڭى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان قۇبلايخاننى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى ئىدى. 1215 ـ يىلى بوۋىسى چىڭگىزخان خانبالىقنى ئىشغال قىلىپ، ئالتۇن خانلىقى ئۈستىدىن چوڭ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەندە تۇغۇلغان قۇبلايخان خىرىستىئان ئانىسىنىڭ تەسىرى ۋە ختاي ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىنىڭ تەسىرىدە باشقا مىللەتكە ۋە يات مەدەنىيەتكە ھەۋەس قىلىدىغان ماڭقۇرت خانزادە بولۇپ ئۆسكەن ئىدى. ئۆگەدەي قاغان 1240 ـ يىلى 25 ياشلىق جىيەنى قۇبلايخاننى خانبالىقتىكى پىر ئەزىم ۋە قەدىناس ۋەزىرى مەھمۇد يالاۋاچنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، جاھان سوراش، دۆلەت باشقۇرۇش ۋە سەلتەنەتنى كۈچەيتىش ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىشكە بۇيرىغان ئىدى. قۇبلايخان 1251 ـ يىلى ئاكىسى مۆڭكۈخان قاغان بولغۇچە بولغان 11 يىلدا مەھمۇد يالاۋاچنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش ۋە ئۆز مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بېيىتىشنى ئۆگەندى. ئۇ يەنە 11 يىل ۋاقىت ئىچىدە پېشقەدەم باش ۋەزىرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە، بىر ماڭقۇرت خانزادىدىن ئەينى چاغدىكى كونا دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك بىر يېڭى دۆلەت قۇرۇپ چىقىپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ختايدا يەنە بەش يۈز يىلغا يېقىن ھاكىمىيەت تۇتۇشىغا ئاساس سالدى. مەھمۇد يالاۋاچقا قىلىنغان سۇيىقەستلەرنى تارمار قىلىشتا قۇبلايخاننىڭ رولىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. قۇبلايخان 1251 ـ يىلىدىكى قاغان سايلىمىدا ئاكىسى مۆڭكۈخانغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن خانبالىقتىن قاراقۇرۇمغا كەلدى. كېيىن ئۇ قەدىرلىك ئۇستازىنى قايتا يوقلاشقا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاللىبۇرۇن كېچىكىپ قالغان ئىدى. چۈنكى، ھىممەتلىك مەھمۇد يالاۋاچ ھىجرىيە 652 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، مىلادىيە 1254 ـ يىلى 11 ـ ماي دۈشەنبە كۈنى خانبالىق شەھرىدە ۋاپات بولغان ئىدى. قۇبلايخان 1255 ـ يىلى ئۇستازىغا ئاتاپ، خانبالىق شەھرىدە ئىچىدە ھەشەمەتلىك بىر مازار ئىنشا قىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. شۇ يىلى ئۇ قاغان ئاكىسى بىلەن بىللە جەنۇبىي ختايدىكى سوڭ خانلىقىغا ھۇجۇم باشلاپ، پۈتۈن ختاينى قوشۇۋېلىش ئۇرۇشىنى باشلىدى. ئاكىسى 1259 ـ يىلى ھازىرقى سىچۈەندىكى بىر جەڭدە قازا قىلغاندىن كېيىن، قۇبلايخان ئۇنىڭ ئورنىغا قاغان بولدى.

1268 ـ يىلى پۈتۈن خىتاينى تولۇق بويسۇندۇرۇپ يېڭى ۋە كۈچلۈك بىر ئىمپېرىيە قۇردى. 1271 ـ يىلى ئۇ يۈەن خاقانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، پىر ئۇستازىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى، تارىم ۋادىسى، پەرغانە ۋادىسى ۋە خارەزىملەردىن ساناقسىز ئۇيغۇر تالانت ئىگىلىرىنى خىتايغا تەكلىپ قىلىپ، يېڭى دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىدى. ئۇ يەنە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ۋە تۈركىستاندىن داڭلىق ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، 1274 ـ يىلى مەھمۇد يالاۋاچ ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ۋە ئىسلامچە بىر ھەيۋەتلىك گۈمبەز ياساتتى. بۇ مازارلىق كېيىنچە داۋاملىق كېڭىيىپ ھازىرقى بېيجىڭ مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر خەلقى تارىختا نامى ئانچە تىلغا ئېلىنمايدىغان بۇ نامسىز قەھرىمانىنى ۋە ھىممەتلىك ئوغلى مەھمۇد بەگنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ ۋە ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ياد ئېتىپ تۇرىدۇ.






# خىتاي ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر ژۇرنالىستنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا قەست قىلدى



سكىللا ئالىسى

# خىتاي ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر ژۇرنالىستنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا قەست قىلدى

سىكىللا ئالىسى

دەلىللەر بېيجىڭنىڭ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى جەريانىدا ئامېرىكادا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر مۇخبىرنىڭ دوستلىرىنى نىشانلىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

شىنجاڭ ساقچى خاتىرىسى ترامپ ھۆكۈمىتى تاقىۋەتكەن خەۋەر ئاگېنتلىقىنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن خىتاينىڭ يىللاردىن بېرى كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.

ئاشكارىلىنىۋېتىلگەن خىتاي ھۆكۈمەت ئىچكى ھۆججەتلىرىدە بېيجىڭنىڭ ئامېرىكادا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر مۇخبىرلىرىدىن سىستېمىلىق ئۆچ ئالغانلىقى كۆرسىتىلدى.

بۇ ھۆججەتلەر ئۇيغۇر ژۇرنالىست شۆھرەت ھوشۇر بىلەن «قويۇق ئالاقىدە» ئىكەنلىكى داۋا قىلىنغان 42 نەپەر «ئالاھىدە» كىشىنىڭ ئادرېس، كەسىپ، تېلېفون نومۇرى ۋە باشقا شەخسىي تەپسىلاتلىرى مەۋجۇت بولغان ئىسىم تىزىملىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۆھرەت ھوشۇر 1994-يىلى خىتايدىن قېچىپ چىققان، 2007-يىلدىن باشلاپ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ مۇخبىرى بولغان. ھۆججەتتە، بىر زامانلاردا شۆھرەت ھوشۇرنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغان كىشىلەرگە «يېقىندىن دىققەت قىلىنىشى» كېرەكلىكى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ھۆججەتتە بىر ئۇيغۇر يازغۇچىنىڭ «جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى تەرىپىدىن سىياسىي شۈبھە بىلەن» سوتقا تارتىلغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

شۆھرەت ھوشۇر ئامېرىكىدىكى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ مۇخبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتى، مىليونلارنى ئۇيغۇرنىڭ كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بايانىغا كۆرە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن بولغان» قانۇنسىزلىقلىرى ھەققىدە خەۋەر ئىشلىگەن. شۆھرەت ھوشۇرنىڭ بۇ رايوننى چوڭقۇر بىلىشى ۋە كەڭ ئالاقە دائىرىسى ئۇنىڭ نەق مەيداندىكى ساقچى ۋە باشقا مەخپىي مەنبەلەردىن ئۇچۇر توپلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ

خەۋەرلىرى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان. خىتاي ئۇنى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە ئىلھام بەردى دەپ ئەيىپلەپ، شۆھرەتنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىدىن ئۆچ ئالغان.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى تېكەس ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن ھۆججەتلەر خىتاي تەتقىقاتچىسى ئادرىيان زېنزنىڭ قولىغا چۈشتى. ھۆججەتلەر خىتاينىڭ ئۆزگە قارشى چىققۇچىلارغا ۋە چەتئەلدە ياشايدىغان ئاز سانلىقلارغا قارشى بېسىمغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە خەلقئارالىق تەتقىقاتچى ژۇرنالىستلار بىرلىكى بىلەن ئورتاقلىشىلدى. «ICIJ» خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ چەتئەلدە خىتاي پۇقرالىرى دەپ قارالغان كىشىلەر ئۈستىدىكى كونترولنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن خىتايدىن قاچقان ئاكتىۋىستلارنىڭ ۋە بېسىم ئاستىدىكى ئاز سانلىقلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا قەرەللىك ھالدا بېسىم ئىشلەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

ئامېرىكا ۋاشىڭتوندىكى كوممۇنىزم خاتىرە فوندى جەمئىيىتىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئادرىيان زېنز مۇنداق دېدى: «بۇ ھۆججەتلەر ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى، شۇنداقلا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى خەۋەرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىخەتەرلىك ئورگانلىرىدا، ھەمدە سىياسىي رەھبەرلىكىدە يۈكسەك ئەندىشە ياراتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»

ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئاشكارىلاشتىكى رولىغا قارىماستىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يېقىندا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئانا گەۋدىسى ئامېرىكا يەرشارى ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ (USAGM) مەبلىغىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇ ئاخبارات ئورگىنىنى تارقىتىۋەتتى. ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 1996-يىلى يولغا قويۇلغان بولۇپ، خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ ناھەقچىلىكلىرى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاساس قىلغان، دۇنيا مىقياسىدا ھەپتىلىك تاماشىبىنلار سانى ئاتمىش مىليونغا يەتكەن. بۇ يىل مارت ئېيىدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپ مەمۇرىي بۇيرۇق ئىمزالاپ، بۇ ئاخبارات ئورگىنىغا بېرىلىدىغان 60 مىليون دوللارلىق ياردەم مەبلىغىنى بىكار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يۈزلىگەن مۇخبىرنىڭ ئىشتىن بوشىتىلىشىغا، شۇنداقلا تىبەت ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى خەۋەر مۇلازىمىتىگە، ھەمدە باشقا پروگراممىلارنىڭ تاقىلىشىغا سەۋەب بولدى.

«USAGM» نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى كارى لېيك (Kari Lake) ئىجرائىيە بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا ۋەدە بەرگەن باياناتىدا، ئاگېنتلىق ھەققىدىكى ناچار باشقۇرۇش ۋە مالىيە جەھەتتىكى ئۇيغۇنسىزلىق ئەدىدىئالىرى سەۋەبلىك، ئورگاننىڭ قارمىقىدىكى تارماق ئورگانلارنى ۋە مۇناسىۋەتلىك

خادىملارنى قىسقارتىشنى پىلانلىغانلىقىنى ئېيتتى. «USAGM» قىسقارتىشنىڭ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ۋە ئۇنىڭ مۇخبىرلىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە ICIJ نىڭ تەلىپىگە جاۋاب قايتۇرمىدى.

شۆھرەت ھوشۇر ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىدا ئىشلىگەنلىكى سەۋەبلىك ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆچ ئېلىشىغا دۇچ كەلگەن بىردىنبىر ژۇرنالىست ئەمەس. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ مۇخبىرى گۈلچېھرە خوجا يېقىندا «چېگراسىز مۇخبىرلار» تەشۋىقات گۇرۇپپىسىغا بەرگەن باياناتىدا، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئەركىن ئاسىيا ئۇيغۇر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغان يىگىرمە ئىككى مۇخبىر ئىچىدىكى يەتتە مۇخبىرنىڭ يەتمىشتىن ئارتۇق ئائىلە ئەزاسىنى بۇ مۇخبىرلار ئىشلىگەن خەۋەرلەر سەۋەبلىك تۈرمىگە تاشلىغان ياكى پاراكەندىچىلىك سالغان.

ئادرىيان زېنز مۇنداق دېدى: «ئېنىقكى، خىتاي دائىرىلىرى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا دەخلى-تەرز قىلىش سىياسىتىنى ئاشكارىلاش ئۇسۇلىنى ئۇلارنىڭ سىياستى ۋە ھاكىمىيىتى ئۈچۈن زور تەھدىت دەپ قاراۋاتىدۇ.»

**شى جىنپىڭنىڭ قولىدا ئويناش**

شۆھرەت ھوشۇر خىتاينىڭ «شۆھرەت ھوشۇرنىڭ تونۇش-بىلىشلىرى» سۈپىتىدە تۈزگەن تىزىملىكىنى ئوقۇغاندا، نەچچە ئون يىللار ئىلگىرى ئالىي مەكتەپتە ئۆزى بىلەن بىللە ئوقۇغان ئالىي مەكتەپتىكى دوستلىرىنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان.

شۆھرەت ھوشۇر ICIJ غا ئۇلارنى ئوتتۇز يىلدىن بېرى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى.

گەرچە خىتاي دائىرىلىرى شۆھرەت ھوشۇرنىڭ دوستلىرىنى نىشان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما شۆھرەت ھوشۇر ئۇنىڭ تونۇش-بىلىشلىرى دەپ تىزىملانغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ «سىياسىي جەھەتتە ناھايىتى ئېھتىياتچان، سىياسىي پىكىر-چۈشەنچىلەردىن ئۆزاق ۋە ئېھتىياتچان كىشىلەر» ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ بەردى. شۆھرەت ھوشۇر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن ئۇزاق تۇراتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئىنتايىن سادىق كىشىلەرمۇ بار. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئۇلار يەنىلا خىتاينىڭ ئۆچ ئېلىش نىشانى بولدى.»

شۆھرەت ھوشۇرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ تۆت ئىنىسىدىن ئۈچ ئىنىسى — گىرىم بۇيۇملىرى دۇكىنىنىڭ خوجايىنى، قاسساپخانا تىجارىتى قىلىدىغان سودىگەر ۋە دېھقان — شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھالال جۈپتىلىرىدىن ئىبارەت سەككىز تۇغقىنى يەتتە يىلدىن بېرى يوقاپ كەتكەن. شۆھرەت ھوشۇرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار خىتاينىڭ يالغان ئەيىبلىشى بىلەن 15 يىلدىن ئارتۇق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. شۆھرەت ھوشۇرنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشىدىكى سەۋەب شۆھرەت ھوشۇرنىڭ ژۇرنالىستلىق قىلىشى يۈزىسىدىن ئىكەن. چۈنكى شۆھرەت بىلەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ تېلفونلىشىشىنى مەخپىي نازارەت قىلىدىغان دائىرىلەر — شۆھرەت ھوشۇرنىڭ ئېيتىشىچە — «ئۇلارغا قايتا-قايتا بېسىم ئىشلىتىپ مېنى قىلمۋاتقان خىزمىتىمنى توختىتىشقا قايىل قىلىشقا قىستىدى. ئەگەر مەن يولۇمدىن يانمىسام ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتكە دۇچ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە مېنى ئاگاھلاندۇردى.»

ICIJ تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ چىقىلغان ساقچى خاتىرىلىرى ئەركىن ئاسىيا مېدىيا قۇرۇلۇشىنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەھدىت دەپ قارىغان خىتاي ھوقۇقدارلارنىڭ چەتئەلدىكى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى مۇخبىرلىرىنى كۆچلۈك رەۋىشتە قانداق نازارەت قىلغانلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە، تونۇش-بىلىشلىرىگە قانداق ھۇجۇم قىلغانلىقىغا ئالاقىدار يېڭى ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

ئامېرىكالىق بەزى مىللەت ۋەكىللىرى ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى قوغدىغۇچىلار ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ مەبلىغىنىڭ توختىتىلىشىنى تەنقىت قىلىپ، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ سەپدىشى ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشىنىڭ خىتاي مۇستەبىت ھۆكۈمىتى ئۈچۈن لوق پايدا ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى باش مۇدىرى بەي فاڭ نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىگە يازغان ماقالىسىدە «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ بۇ مۇھىم دەۋردە پۈتۈنلەي يوق بولۇشىغا رۇخسەت قىلىپ شى جىنپىڭنىڭ توقچىغا ياغ سۈركىمەكتە» دېدى. «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى تىنجىتىلسا دىكتاتورلار ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقچىلىرىنىڭ دېگىنى دېگەن بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللىنىدۇ.»

خىتاينىڭ دۆلەت گېزىتى ھېسابلانغان «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى» نىڭ باش ماقالىسىدە ئامېرىكا ئاۋازى بىلەن ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ مەبلىغىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ماختالدى ۋە «بۇ ئاگېنتلىقلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋاشىڭتوننىڭ تەلپىگە ئاساسەن باشقا دۆلەتلەرگە (ئاخبارات) ھۇجۇمى قىلىش» دېيىلدى.

**ئاخباراتچىلىقنىڭ بەدىلى**

شۆھرەت ھوشۇر ئانا يۇرتى شەرقىي تۈركىستاندىكى چېغىدا رادىيودا ئىشلىگەن، 1994-يىلى بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشى توغرىسىدا ئىككى پارچە ماقالە يازغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەشۋىقات تارماقلىرى ئۇنىڭغا چېكىت قويغان ۋە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ قول سېلىش ئوبيېكتىغا ئايلانغان. ئاقىۋەتتە ئۇ ساختا پاسپورت سېتىۋېلىپ ئالدى بىلەن پاكىستانغا، ئاندىن تۈركىيەگە قېچىپ كەتكەن. كېيىن ئامېرىكىغا كەلگەن ۋە ئامېرىكا پۇقرالىقىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ سۈرگۈندىكى مەزگىلدە ئىزچىل ھالدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسەتلىرى ھەققىدە داۋاملىق توختالغان ۋە خەۋەر ئىشلىگەن.

شۆھرەت ھوشۇر 2015-يىلى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتىغا مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرلار مېنىڭ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۈچۈن تەييارلىغان خەۋەرلىرىمنى ئاڭلاۋاتقاندا، خىتاي دائىرىلىرى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمغا ۋە ماڭا كۆڭلەرنىڭ بىردە ژۇرنالىستلىقىمنىڭ بەدىلىنى تۆلەيدىغانلىقىمنى ئوچۇق بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئازغىنە ۋاقىت ئاجراتتى.»

ئەينى ۋاقىتتا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىلىرىدىن بىرى خىتاينىڭ شۆھرەت ھوشۇرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ئۈچ ئالغانلىقىنى رەت قىلغان ۋە بۇ ئەيىبلەشنى «پۈتۈنلەي ئاساسسىز» دەپ رەت قىلغان. ئەمما ئاشكارىلانغان خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، 2014-يىلى شىنجاڭ دائىرىلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تەشكىلاتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش پىلانى» نىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە شۆھرەت ھوشۇرنىڭ تونۇشلىرىنىڭ تىزىملىكىنى تۈزگەن.

ICIJ تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن بۇ پىلانغا ئاساسەن، خىتاي دائىرىلىرى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى مۇخبىرلىرىنى «شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك سەزگۈر ۋە قىزىق تېمىلار ھەققىدە جاسۇسلۇق قىلىشقا ۋە بۇ ھەقتە يالغان خەۋەر تارقىتىشقا مەسئۇل» دەپ سۈپەتلىگەن. ئاقىۋەتتە، بىر ھۆكۈمەت ئورگىنى «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن يەرلىك كىشىلەرنىڭ سانىنى ئېنىقلاش، ئۇلارنىڭ ھەققىي كىملىكىنى، ئۆتمۈشتىكى شېرىكچىلىكىنى ۋە نۆۋەتتىكى ھالىتىنى بىر-بىرلەپ قېزىپ چىقىش، شۇنداقلا ئۇلارنى ئۇيغۇن شەكىلدە مۇھىم كىشىلەرگە ياكى ئالاھىدە گۇرۇپپىلارغا ئايرىش ھەمدە ئۇلارنى كونترول قىلىش»قا مەسئۇل قىلىندى.

شۆ يىلى، يەنى 2015-يىلى خىتاي ھوقۇقدارلىرى بۇ پىلاننى ئوررۇنداۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتقان چاغدا، شۆھرەت ھوشۇرنىڭ ئۈچ قېرىندىشىنى «دۆلەت بىخەتەرلىكى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش» ۋە «دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش» تۆھمىتى بىلەن تۈرمىگە تاشلىدى. شۆھرەت ھوشۇر بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىغا ئارتىلغان بۇ جىنايەتلەرنى تۆھمەت دەپ رەت قىلدى.

شۆھرەت ھوشۇر كېيىن مېدىياغا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىدە ۋە دۆلەت مەجلىسىدە ئائىلىسىگە قىلىنغان ئادالەتسىزلىكنى ئەيىپلىدى.

شۆھرەت ھوشۇرنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدىن ئىككىسى تۇتۇلۇپ 18 ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن بولۇپ، شۆھرەت ھوشۇر بۇ قويۇپ بېرىلىشنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مەسىلىگە ئارىلىشىشى سەۋەبلىك بولغىنىنى بىلدۈردى. شۆھرەت ھوشۇرنىڭ بۇ ئىككى قېرىندىشى 2018-يىلى ئۇنىڭ باشقا قېرىنداشلىرى ۋە ئانىسى بىلەن بىللە قايتا قولغا ئېلىندى. ئانىسى كېيىن قويۇپ بېرىلدى. شۆھرەت ھوشۇر ئەڭ ئاز ئۇنىغا يېقىن تۇغقىنىنىڭ تېخىچە تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

ICIJ تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن ساقچى خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ۋە ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە تۈرمىگە قامىلىشىنى ۋە ئارقىسىدا خىتاي دۆلىتى بولغان باشقا ھەقسىزلىكلەرنى خەۋەر قىلغان 2018-يىلىدا، شىنجاڭ ساقچىلىرى خەۋەر تور بەتلىرىنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرغا ۋە ئۆزگە زىيانلىق دەپ قارىغان ماقالىلەرگە بەلگە سالغان.

ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن ئىككى كۈن كېيىن بىر خىتاي ھەربىي دوكلاتىدا «2018-يىلى 16-ئىيۇن چەتئەلدە ئېچىلغان تور بەت ھېسابلانغان ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى خەۋەر تور بېتى شىنجاڭدىكى ئەھۋالنىڭ ئەندىشىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر خەۋەر تارقاتتى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋالغا خىتايغا دۈشمەن كۈچلەر تەرىپىدىن خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇم دەپ تەبىر بېرىلدى» دەپ يازغان ۋە بۇنى ئۆزىنىڭ باشلىقلىرىغا سۇنغان.

ئادرىيان زېنزنىڭ بىلدۈرۈشىچە خىتاي ئەمەلدارلىرى «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار دۆلەت سىياسەتلىرىنى تەنقىد قىلىدىغان ياكى خىتاي زۇلۇمىنىڭ سەۋىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان خەۋەرلىرىنى تەپسىلىي رەۋىشتە» خاتىرىلەش ئارقىلىق «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ خەۋەرچىلىكىنىڭ ئەھمىيىتىگە» ئىشارەت قىلغان.

مۇشۇ يىلنىڭ بېشىدا، «USAGM» ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىگە بېرىلىدىغان مەبلەغنى توختىتىپ قويۇشنى ئامېرىكانىڭ فېدىرال قانۇنىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «USAGM» كە بېرىدىغان مەبلىغىنى قايىتا قولغان كەلتۈرۈش ئۈچۈن داۋا ئاچتى. «USAGM» خادىم سانىنىڭ ئازلىتىلىشىغا قارىماي، تور بېتىدە خىتايچە ۋە كانتونىيەچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توققۇز تىلدا چەكلىك مىقداردا خەۋەر ئېلان قىلىشنى داۋام قىلماقتا. داۋا ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ.

شۆھرەت ھوشۇر ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇرچە قانىلىنىڭ تاقىتىۋېتىلىشىنىڭ ھەم چەتئەلدىكى ھەم شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار نىڭ «ئۆزئارا ئالاقە ئورنىتىشتىكى بىردىن بىر كۆۋرۈك»تىن ئايرىلىپ قېلىشتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۆھرەت ھوشۇر مۇنداق دېدى: «ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلار خىتاي رىجىمىغا قارشى تۇرىدىغان مۇھىم بىر قورالدىن ئايرىلىپ قالدى.»

ئىنگلىزچىدىن ئە. ئۇيغۇر تەرجىمىسى

https://www.icij.org/investigations/china-targets/beijing-targeted-friends-of-u-s-based-reporter-amid-campaign-against-radio-free-asia-documents-reveal/







# خىتاي ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقاتماقتا

ئاسىيە ئۇيغۇر

# ختاي ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقاتماقتا

ئاسىيە ئۇيغۇر

ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى خەلقئارا جامائەتكە ئاشكارىلىنىشقا باشلىغان 2017 ـ يىلىدىن بۇيان، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى قوللايدىغان «ئۇيغۇر سەرخىللار»نىڭمۇ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقى ئېچىنىشلىق بىر رېئاللىق. بۇنداق كىشىلەر بۇگۈنگە قەدەر ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا كۆز يۇمۇپلا قالماستىن، بەلكى ختاي بىلەن بىرسەپتە تۇرۇپ ئۇيغۇرلارغا قارشى تەشۋىقاتلاردا رول ئېلىپ كەلمەكتە. مانا بۇگۈنكى كۈندە ختايلارنى ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ۋارىسلىرى قىلىش ئۇچۇن ھاياتىنى ئاتىغان شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى رەخمۇتۇللا ئامانۇللامۇ دەل مۇشۇنداق تىپلاردىن بىرىدۇر. شىنخۇا تورىنىڭ بۇ يىل 26 ـ مايدىكى خەۋىرىدە، رەخمۇتۇللا ئامانۇللا پۇتكۈل ختايدىكى ئاتالمىش مەيدان ئۇسسۇلى، ياشگېرلارنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ئويناشنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇچۇن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى كۆرستىلگەن. خەۋەردە دېيىلىشچە، رەخمۇتۇللا ئامانۇللا 2020ـ يىلىدىن بۇيان ختاينىڭ بېيجىڭ، شاڭخەي، چېڭدۇ، ۋۇخەن، شىئەن ۋە سەنيا قاتارلىق جايلىرىدا ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ھەۋەسكارلىرىغا دەرس ئۆتۈپ، ئالتە مىڭغا يېقىن يەتتە ياشتىن سەكسەن يەتتە ياشقىچە بولغان ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيىلىگەن.

ختاينىڭ ھەرقايسى چوڭ ـ كىچىك شەھەرلىرىنىڭ باغچا ۋە خەلق مەيدانلىرىدا يىللاردىن بېرى ئوينىلىپ كېلىۋاتقان ختايچە مەيدان ئۇسسۇلى ياكى ياشگېرلارنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئالماشسا ناھايىتى گۈزەل بىر مەنزىرە ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى تەبئىي. چۈنكى، نەچچە مىڭ يىللىق بۇيۈك بىر مەدەنىيەتنىڭ نامايەندىسى بولغان ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدىكى مەنىلەرنى، ختايچە مەيدان ئۇسسۇلى ياكى ياشگېرلاردىن ھېس قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەمما مەسىلە شۇكى، ختاينىڭ باغچە ۋە مەيدانلىرىدا ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ ياڭراپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن قىرى ـ ياشلار تاشقى كۆرۈنۈشتە ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقىدەك تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقى ئېنىق. ھەتتا بۇ خىل مەنزىرە ختاينى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتكە يول

قويىدىغان، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ھەتتا غەرب دۆلەتلىرىنىمۇ بېسىپ چۈشكىدەك دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بىر دۆلەتتەك ھالەتتە كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەمما بۇنداق بىر «گۈزەل مەنزىرە ۋە غايىۋىي دۆلەت ئوبرازى»نىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغىنى كىشىنى ئەنشىگە سالىدىغان قورقۇنچلۇق بىر رېئاللىقتۇر. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخىي ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى نۆۋەتتە خىتاي تەرىپىدىن يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يۇقارقىدەك ساختا كۆرۈنۈشلەر ئالماقتا.

يىللاردىن بۇيان خىتاي يۈرگۈزگەن ئاتالمىش «ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىتى»نىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ كەلگەن زىيانكەشلىكلىرى ئەڭ ئېغىر بولدى. ئۆتكەن بىر قانچە يىللاردا ئاشكارىلانغان زور مىقداردىكى دەلىل ـ ئىسپاتلار، ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ھالدا «جۇڭخۇا ئۇلۇسى» نامىدىكى خىتاي كىملىكىگە سىڭىپ كېتىشكە مەجبۇرلىنىۋاتقانلىقىدەك رېئاللىقنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇيغۇرلار دەل بۇ خىل مەجبۇرىي ئاسسىمىلاتسىيەلەشتۈرۈش ئاستىدا ئۇيغۇر كىملىكى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلدى. ئۇيغۇر تىلى مائارىپتىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىلىنى قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش يوللىرى كېسىپ تاشلاندى. ئۇيغۇر بالىلىرى بولسا مەجبۇرىي ھالدا ياتاقلىق مەكتەپلەرگە قامىلىپ، ئائىلىسى، تىلى، ئېتىقادى، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن ئايرىۋېتىلدى. ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىش، ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقلىرى شەخس دائىرىسىدىن ھالقىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي مەۋقەسى، جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە كېيىنكى تەقدىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان سىياسىي قورالغا ئايلاندۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ياشلىرى خىتايلار بىلەن تويلىشىشقا، خىتاي ئۆلكىلىرىدە يەرلىشىشكە مەجبۇرلاندى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىسلام دىنى گويا ئېچى قۇرۇق شاكالغا ئوخشاپ قالدى. چۈنكى مەسچىتلەر چېقىلىپ ياكى تاقىلىپ، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئادەتلەرگە «دىنىي ئەسەبىيلىك، ئاشقۇنلۇق» تامغىلىرى بېسىلغاندى. كىملىك مەسىلىسى پەقەت «جۇڭخۇا ئۇلۇسى» نامى ئاستىدىلا مەۋجۇت بولۇشقا رۇخسەت قىلىنغانىدى. يەنى ئۇيغۇرلار جۇڭخۇا ئۇلۇسىنىڭ بىر قىسمى دېگەندەك.

ھالبۇكى، بۇ خىل زوراۋان شەكىلدىكى ئاسسىمىلاتسىيە سىياستى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى «تاللاش خاراكتېرلىك ساقلاش» ۋە بۇنىڭغا قوشۇلغان ئۆزگەرتىش، قايتا قوراشتۇرۇلۇش قىسمىتىگە دۇچار قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بوگۈن پەقەت خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ھازىرلىغان سەھنىلەردىكى ساختا ئويۇنلارغا ئايلاندى.

يۇقارقى خەۋەردە تىلغا ئېلىنغان رەخمۇتۇللا ئامانۇللا ئىسىملىك ئۇيغۇر ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسىنىڭ ھەرىكىتىمۇ دەل بۇ خىل ساختا سەھنە ئويۇنلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. چۈنكى رەخمۇتۇللانىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاساسلىقى خىتاي ئۇسسۇل ھەۋەسكارلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ دەرىسخانىلاردىن باغچا ۋە مەيدانلارغا، بىر كەسپىي ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسىدىن باغچا ۋە مەيدانلاردىكى بەدەن چېنىقتۇرغۇچىغا ئايلىنىشى ئەلۋەتتە سەۋەبسىز ئەمەس! يەنى خىتاي رەخمۇتۇللا ئامانۇللاغا ئوخشاش كىشىلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى نوقۇل يوسۇندىكى بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مىللەت خاسلىقى، ئالاھىدىلىكى، سىياسىيلىقى، تارىخىيلىقى قاتارلىق تۆرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلىيالايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ھەرىكەت «يۇمشاق ئۇسسۇلدىكى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش» ئۇسلۇبى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ تاشقىي كۆرۈنۈشىنى ۋەيران قىلمايدۇ. بەلكى  ئۇنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ۋە ئۇ پەيدا بولغان تۇپراقنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. بۇنداق قىلىش بىلەن كەلگۈسىدە «شىنجاڭ ئۇسسۇلى» نامىدىكى ئۇيغۇر ئۇسسۇلى شەكلىي جەھەتتىن بار بولغان، ھەتتا دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قىلىنغان، ئەمما ئۇنى ئوينايدىغانلار ئۇيغۇر بولمىغان بىر مەنزىرە شەكىللىنىشى مۇمكىن. بۇ خۇددى ئۇيغۇر تىلى نۆۋەتتە  تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىسىمۇ، ئەمما ئۇ تىل ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدىن چىقىرىپ تاشلىنىشىغا؛ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا داۋاملىق بار بولسىمۇ، ئەمما مۇقاملاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي، مىللىي ۋە دىنىي ھېس ـ تۇيغۇلىرى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈپ تاشلىنىۋاتقانلىقىغا ئوخشايدۇ. تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇقى، بۇ خىل ئۇسلۇب گويا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى خىتاي دۆلىتى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان ۋە قوغداۋاتقاندەك مەنزىرە پەيدا قىلىش بىلەن تەڭ، رېئاللىقتا ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىش، سۆز ھەقلىرىنى تارتىۋېلىش، مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇش ۋە خىتايلاشتۇرۇشتۇر. بۇ خىل ئۇسلۇبتىكى مۇستەملىكىلىكتە ئۇيغۇرلار ئۆز كىملىكى، تارىخى ۋە مەدەنىيەتلىرىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىدىن پەقەت «ماتېرىيال تەمىنلىگۈچى» ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىلىدۇ. شۇنداقلا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلار ئۆز مەدەنىيەت ـ مىراسلىرىدىن ۋە كىملىكىدىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ خىتاي تەشۋىق قىلىۋاتقاندەك مەدەنىيەتتە يۇغۇرۇلۇش ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتنى تارتىۋېلىش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ئەمەس، بەلكى بىر مىللەتنىڭ يوقىتىلىشىدۇر.

دەرۋەقە، ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر شەكىلدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئاپىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. بۇ خىل ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا گەرچە زور كۆلەملىك قوراللىق توقۇنۇش، قورقۇنچلۇق جەڭ مەيدانى ۋە كوچا ـ كويلاردا كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان جەسەتلەر، قانلار كۆرۈنمىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار مىللەت گەۋدىسى بويىچە سىستېمىلىق

ۋەيران قىلىنىۋاتىدۇ. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق خاس مەدەنىيەت ۋە تارىخ مىراسلىرى ئەۋرىشكىلىنىپ، خىتاينىڭ ئۆز جىنايىتىنى يوشۇرۇش، دۇنيانى ئالداش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن قوللىنىلىۋاتىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى خىتايچە مەيدان ئۇسۇلى ۋە ياڭگىرلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولۇشى يەنىلا ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. بۇ خىل «چىرايلىق» تون ئاستىدا داۋام قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى، بۈگۈن پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەيسىزلىكى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، تاغدەك ئىسپاتلار بىلەن ئېچىپ تاشلىنىۋاتقان بۇ «چىرايلىق تون» ئاستىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا داۋاملىق كۆز يۇمۇلسا، ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەيسىز قىسمىتى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئېچىنىشلىق كەلگۈسىگە ئايلىنىشى ئېھتىمالدىن ھېچ يىراق ئەمەس!

http://xj.news.cn/20250526/1b38237b7a4d423eac3603a7d7736a5d/c.html



# خىتاي ئۇيغۇر كىملىكىنى يېڭىدىن شەكىللەندۈرۈش ۋە ئىستراتېگىيىلىك بىر رايوننى كونترول قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلماقتا؟

داۋىد پېيرسون

# خىتاي ئۇيغۇر كىملىكىنى يېڭىدىن شەكىللەندۈرۈش ۋە ئىستراتېگىيىلىك بىر رايوننى كونترول قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلماقتا؟

داۋىد پېيېرسون

خىتاي دۆلىتىنىڭ ئەمگەك پروگراممىلىرى دۆلەتنىڭ ئەڭ نامرات رايونلىرىدىن بىرىنى يوقسۇللۇقتىن قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلىش بىلەن بىرگە خىتاي دۆلىتىگە بولغان قارشىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن بۇ پروگراممىنى قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئوخشاش شەپكە ياكى چاپانلار كەيگۈزۈلۈپ، پويىز ياكى ئايروپىلاندا توپ توپى بىلەن خىتاينىڭ سانائەت شەھەرلىرىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۇلارغا ئېھتىياج بولغان يەرلەرگە ئەۋەتىلىدۇ. پلاستىك ساپما كەش ياساش، ياكى ماشىنىلارغا كېرەكلىك توك سىملىرىنى قۇراشتۇرۇش، ئۆلۈك توخۇلارنى تۈرگە ئايرىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ساھەلەردە ئىشقا سېلىنىدۇ.

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى تەتقىقاتچى ژۇرنالىستلىق بۆلۈمى بىلەن «Der Spiegel» بىرلىكتە ئېلىپ بارغان بىر تەتقىقاتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردا دەلىللەنگەندىكىدىنمۇ كەڭ كۆلەملىك ھالدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشچىلىق پروگراممىسىغا بىنائەن ئۆز ئانا يۇرتىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىلىۋاتقانلىقى دەلىللەندى.

بىز مەجبۇري ئەمگە سېلىنغان ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ پۈتۈن خىتاي تەۋەسىدىكى زاۋۇتلاردىكى نۇرغۇنلىغان داڭلىق ماركىلار ئۈچۈن ھەر خىل تاۋارلارنى ياساشقا قاتنىشىۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق. بۇ ھال خەلقئارالىق تەمىنات زەنجىرلىرىدىن مەجبۇري ئەمگەكنى يوق قىلماقچى بولغان خەلقئارالىق ئورگانلار ئۈچۈن مەسىلە پەيدا قىلماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كەمدە بەش ساھەدە، يەتمىشتىن كۆپ زاۋۇتتا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغانلىقى ئىسپاتلاندى.



ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئەۋەتىلگەن ئىچكىرى رايونلار قىزىل چېكىت ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرىچە، خىتاينىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك پروگراممىسى ئاستىدا تۆمەنلىگەن ئۇيغۇر ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەلگەن. گەرچە بۇ ئىشچىلارنىڭ زادى قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئەمگەك مۇتەخەسسىسلىرى، ئاكادېمىكلار ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بۇ پروگراممىلارنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئەنگلىيەدە قۇرۇلغان «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى توختىتىلسۇن» (Stop Uyghur Genocide) كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە دىرېكتورى رەھىمە مامۇت مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدىن مەجبۇرىي ئېلىپ چىقىلىپ بۇ خىل خىزمەتلەرگە سېلىنىشى ئۇلارغا نىسبەتەن دوزاختىن ئىبارەت.»

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنى بۆلگۈنچىلىك خاھىشىغا ئىگە، دۆلەتكە مەسىلە پەيدا قىلىدىغان خەلق سۈپىتىدە كۆرۈپ كەلدى.

2011-يىلى، 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي ئامېرىكانىڭ «خەلقئارالىق تېرورغا قارشى كۈرەش» جاكارىنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا قارشى باستۇرۇشنى كۈچەيتتى.

خىتاي ئىچكىرىدە ياشايدىغان خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستانغا زور كۆلەمدە كۆچۈرۈپ كېلىشنى، ئۇيغۇرلارنى بولسا ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىۋېتىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇس ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئامېرىكا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى ۋە مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش قاتارلىق قىلمىشلىرى سەۋەبلىك خىتاينى ئەيىبلىدى، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بۇ ھالنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتىدى.

رەھىمە مامۇت مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇرلارنى ئۆيلىرىدىن ئېلىنىپ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى زاۋۇتلارغا ئېلىپ بېرىش بەئەينى ئۇلارنى ئۆز دۆلىتىدىن باشقا بىر دۆلەتكە ئېلىپ بارغاندەك ئىش. مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان ئۇيغۇرلار ئۇچۇن تىلدىن تارتىپ يېمەكلىككىچە، ھايات شەكلىگىچە ھەممە ئىش پەرقلىق.»

خىتاينىڭ ۋاشىنگتون باش ئەلچىسى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئىددىئالىرىنى «خىتايغا دۈشمەن كۈچلەر تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان يامان غەرەزلىك يالغانچىلىقتىن ئىبارەت» دەپ رەت قىلدى.

خىتاينىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى خىتاينىڭ بۇ مەجبۇرىي ئەمگەك سىياسىتىنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ بەختەر قىلىدۇ، دېدى. يەنە شۇنداق دېدى: «شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەرگىزمۇ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس. ھالبۇكى تېرورىزىم ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش مەسىلىسىدۇر.»

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ئېلىنىپ شەرقىي تۈركىستاندىكى باشقا يۇرتلارغا ياكى خىتاينىڭ ئىچكى رايونلىرىغا ئىشلەشكە ئەۋەتىلىشىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. بۇ پروگراما دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنى باي قىلىش ۋە ئىشسىزلىقنى ئازايتىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى ئىددىئا قىلىنغان، ئەمما كېيىنكى يىللاردا بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى يېڭىدىن يارىتىش ئورۇنىشىنىڭ مۇھىم بىر پارچىسى ھالىتىگە كەلگەن.

2013-يىلى بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىغا يېقىن جايدا بىر ماشىنىنىڭ كىشىلەر توپى ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىشى سەۋەبلىك ئىككى كىشى ئۆلۈپ، ئونلىغان كىشى يارىلانغان ئىدى. 2014-يىلى قوللىرىغا پىچاق ئالغان بىر توپ ئۇيغۇر خىتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كۇنمىڭ شەھىرىدە بىر پويىز ئىستانسىسىدا كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ 31 كىشىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولدى. ھۆكۈمەت بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتۇش، ئۇلارنى ئېتىز-ئېرىق ۋە زاۋۇتلاردا ئىشلىتىش يولىنى تۇتتى. ئادرىيان زېنزغا كۆرە، خىتاي ھۆكۈمىتى جازا لاگېرلىرىدا بولمىغان ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىش كۈچى يۆتكەش پروگراممىسىنى ئىشقا سالغان. خىتاي ھۆكۈمىتى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسىنى «بىكار تەلەت» دەپ قاراپ، بۇ سەۋەبلىك يېقىندىن كۆزىتىلىپ تۇرۇلۇشى كېرەك بولغان تەھدىت دەپ قارىغان.

خىتاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى ئاكادېمىكلىرى تەرىپىدىن 2018-يىلى خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ھەمبەھىرلەنگەن بىر دوكلات شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس زىچلىقىنى ئازايتىش ۋە ئۇلارنى ئاسسىملاتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېلىپ ئىشقا سېلىش پروگراممىسىنىڭ تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇلۇشى تەكلىپىنى بەرگەن.

خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇرلار چېتىشلىق بولغان زوراۋانلىق ھەرىكىتىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەر قانداق قارشىلىق بىلدۈرۈش ئالامەتلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا كۈچلۈك بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى ئالدى.

«شىنجاڭ ساقچى ھۆججەتلىرى» — ۋاشىنگتوندىكى كوممۇنىزم قۇربانلىرى فوندى تەرىپىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئادرىيان زېنز بۇ فوندىنىڭ خىتاي تەتقىقاتى دىرېكتورى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. «شىنجاڭ ساقچى ھۆججەتلىرى» ئەمگەك كۈچى يۆتكەش قاتارلىق ھۆكۈمەت پروگراممىلىرىغا قوشۇلۇشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ قولغا ئېلىنىشقا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

چەتئەلدىكى ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلار بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ بەزى رايونلىرىدىكى هاياتىنى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە ئوخشاش هېس قىلدۇرىدىغان، داۋاملىق تەكشۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاينىڭ ئىچكى رايونلىرىغا كېتىشنى تاللىغانلىقىنى بايان قىلىشىدۇ. هۆكۈمەت كادىرلىرى ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرىگە ئىشچىلىققا ھەيدەش ئۈچۈن ئىشىكمۇ ئىشىك مېڭىپ يۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپ ئىچكىرىگە ئىشچىلىققا مېڭىشقا زورلايدىدۇ.

كانادادىكى ئۇيغۇر ئانتروپولوگ، پروفېسسور دەرىن بايلېر (Darren Byler) خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆز ئەمەلدارلىرىغا دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن مۇمكىنقەدەر كۆپ مىقداردا ئۇيغۇرنى ئىشقا ئېلىش ئۈچۈن تەشۋىقاتتا بولغانلىقىنى ئېيتتى.

بەزى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئىشچىلىققا ئېلىش پروگراممىسىغا قېتىلىشقا مەجبۇر. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي چىقىش يولى جەھەتتىكى پۇرسەتلىرى بەكلا ئاز. خىتاي ھۆكۈمىتى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىكى ئېتىز-ئېرىقلارنى تارتىۋېلىشى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ كىرىم مەنبەسى يوق بولدى. ئۇيغۇرلار ئۇزۇن زاماندىن بېرى ئىشچىلىققا خىتايلارنى تاللايدىغان خىتاي خوجايىنلار تەرىپىدىن ئايرىمچىلىققا ئۇچراپ كەلگەن.

نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتىدا خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە ئىشچىلىققا ئېلىپ كېلىنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ پويىزدىن چۈشۈشى پويىز تاكى كۆزلەنگەن بېكەتكە يېتىپ كەلگەنگە قەدەر يەرلىك ساقچىلار تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. كۆزلەنگەن بېكەتكە يېتىپ كەلگەندە بولسا، پويىز ئىستانسىسىدىن ئايرىلىش رۇخسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ھەر قايسى زاۋۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. زاۋۇتقا كىرىشكە رۇخسەت بېرىلگەندە بولسا، بەزىدە ئىشلىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، بەزىدە ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋېتىلىدۇ.

**ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى**

https://www.nytimes.com/2025/05/29/world/asia/china-uyghur-labor.html



# ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسى ۋە ئۇنى ۋەيران قىلىنىشنىڭ ئاقىۋەتلىرى

مەمەت ئىمىن

# ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسى ۋە ئۇنى ۋەيران قىلىنىشىنىڭ ئاقىۋەتلىرى

مەمەت ئىمىن دوختۇر

ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسى، ئىنسانلارنىڭ باشقىلار ياكى بىر نەرسىنىڭ خاراكتېرى، ئىقتىدارى، كۈچى ياكى ھەقىقەتىنى جەزىملەشتۈرۈش تۇيغۇسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى، ئىنسانلارنىڭ بىخەتەر ھېس قىلىشى ۋە باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىن پەرەز قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ بىر ھېس تۇيغۇ ۋە روھىي ھالەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ، خاتىرجەملىكنىڭ ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ ئاساسى.

ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسى — يالغۇز ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتتىن ئۈمىد كۈتۈشى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھېسسىي تۇيغۇسىنىڭ چوڭ مېڭىدە ئىپادىلىنىشىدۇر.

**ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنىشى:**

ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسى بوۋاق ۋە بالىلىق دەۋرىدە ئاتا-ئانىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەريانىدا بارا بارا شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. بالىنىڭ ئېھتىياجلىرى ۋاقتىدا قاندۇرۇلسا، بالا ئائىلىدە يېتەرلىك سۆيگۈگە ئېرىشەلىسە، ئاتا-ئانا ھەر زامان قىلغان ۋەدىسىدە تۇرسا، بالىلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسى ساغلام يېتىلىدۇ ۋە كۈچلۈك بولىدۇ.

ئەگەر بالا ئائىلىدە يېتەرلىك سۆيگۈگە ئېرىشەلمىسە، ئاتا-ئانا داۋاملىق بالىسىغا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرمىسا، بالا ئاتا-ئانىنىڭ ئالدىدا ھەر خىل ۋەقەلەرگە كۆپ ئۇچراپ زەخىملەنسە، ئاتا-ئانا بالىلارغا داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىك توغرىسىدا كۆپ تەربىيە بېرىپ، بالىلاردا ئەندىشە ياكى ۋەھىمە پەيدا قىلغاندا، بالىلارنىڭ مۇداپىئە مېخانىزمى كۈچىيىپ، ئىشەنچ تۇيغۇسى ئاجىزلىشىدۇ.

مەكتەپ، خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي جەمىيەتتىكى كەچۈرمىشلەر ۋە تەجرىبىلەر ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسىنىڭ ساغلام تەرەققى قىلىشى ۋە كۈچىيىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىنسان باشقىلار بىلەن باردى كەلدى قىلغاندا ۋە ھەمكارلاشقاندا، ھادىسىلەرنىڭ ئىزچىللىقى ۋە باشقىلارنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ.

ئىنسانلار ياشىغان جەمئىيەتنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى، قىممەت قاراشلىرى ۋە ئەخلاقى ئۆلچەملىرى، ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ساغلام تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار

1. ئىنسانلارنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇشى ۋە ئىزچىللىقى ئۆز-ئارا ئىشەنچنى ئاشۇرىدۇ. ۋەدىسىدە تۇرماسلىق ۋە يېرىم يولدا توختاپ قېلىش ئۆز-ئارا ئىشەنچنى يوقىتىدۇ.

2. ئىنسانلار ئارىسىدىكى سەمىمىيلىك ۋە راستچىللىق، ئوچۇق-ئاشكارا مۇئامىلە قىلىش ئىشەنچنى ئاشۇرىدۇ؛ يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق ئىشەنچنى يوقىتىدۇ.

3. ئۆز ئارا ھەمكارلىق ۋە ياردەملىشىش ئۆزئارا ئىشەنچنى كۈچەيتىدۇ.

4. ياخشى نىيەت، ۋاپادارلىق ۋە ساداقەت ئىشەنچنى ئاشۇرىدۇ. يامان نىيەت، ۋاپاسىزلىق ۋە ساداقەتسىزلىك ئىشەنچنى ۋەيران قىلىدۇ.

5. ئۆتمۈشتىكى كەچۈرمىشلەر ۋە ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەردىكى تەجرىبىلەر مەيلى ئىجابىي ياكى سەلبىي بولسۇن كەلگۈسىدىكى ئىشەنچكە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

6. شەخسىي خاراكتېر؛ بەزى كىشلەرنىڭ تەبىئىتى باشقىلارغا ئىشىنىشكە مايىل بولىدۇ. يەنە بەزى كىشلەرنىڭ باشقىلارغا ئىشىنىشى قىيىن بولىدۇ.

7. ھەر خىل مېدىيا ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ئادىل ۋە راستچىل بولۇشى ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ. ئادالەتسىزلىك، يالغان ۋە بىرتەرەپلىمە ئۇچۇرلارنىڭ كۆپ بولۇشى ئىنسانلارنىڭ ئادالەت تۇيغۇسىنى يوق قىلىدۇ.

8. جەمئىيەتنىڭ ئادالىتى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ ساغلام، كۈچلۈك بولۇشى ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدۇ.

9. سىياسەت ۋە قانۇن تۈزۈمنىڭ ئادىل ۋە ھەقلىق بولۇشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشى ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدۇ.

10. ھاكىمىيەت ۋە ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ ئادىل، ئوچۇق-ئاشكارە بولۇشى ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدۇ.

**بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسىنىڭ ساغلام يېتىلىشى ۋە تەرەققى قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار**

1. بالىنىڭ ئاتا-ئانا ئالدىدا تەكرار زەربىگە ئۇچرىشى؛

2. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارغا ۋەدە بېرىپ ۋەدىسىدە تۇرماسلىقى؛

3. ئاتا-ئانىلارنىڭ يالغان گەپ قىلىشى ياكى ئاتا-ئانا تەرىپىدىن ئالدىنىشى؛

4. ئاتا-ئانىلار تەرىپىدىن يېتەرلىك ئېتىبارغا ئېرىشەلمەسلىك؛

5. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىغا ئىشەنمەسلىكى ياكى ئۇلارنى ھېچ ئىشقا يارىماس دەپ قارىشى؛

6. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارغا قىلما دەپ تەربىيە بەرگەن ئىشلارنى ئۆزى قىلىشى؛

7. بالىنىڭ داۋاملىق ساۋاقداش ۋە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىشى؛

8. بالىنىڭ داۋاملىق ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىشى ۋە ئالدىنىشى؛

9. ئەڭ چوڭ بىلگەن، ھۆرمەت قىلغان ئىنساننىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك چىقماسلىقى؛

**چوڭلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسىنىڭ ساغلام تەرەققى قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار**

1. داۋاملىق باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە دۇچ كېلىش؛

2. داۋاملىق باشقىلارغا بوزەك بولۇش ۋە ئالدىنىش؛

3. داۋاملىق باشقىلار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىش؛

4. ئەڭ ھۆرمەت قىلغان، ئىشەنگەن ئىنسانىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك چىقماسلىقى؛

5. تارىخى شەخسلەرنىڭ، لىدىر ۋە قەھرىمانلارنىڭ خائىنغا ياكى يالغانغا چىقىرىلىشى؛

6. ئىنسانلار ئارىسىدىكى سەممىيەتسىزلىك ۋە يالغانچىلىق؛

7. راستنى يالغان، يالغاننى راست قىلىپ تەشۋىق قىلىش؛

8. جەمئىيەتتىكى يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىقلارنى كۆپتۈرۈپ تەشۋىق قىلىش.

**ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسى ۋەيران قىلىنغاندا كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتلەر**

ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسى، كىشىلەرنىڭ دۇنياغا قايسى كۆز بىلەن قارىشىغا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە باشقىلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىغا، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش مەسىلىسى قاتارلىقلارغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسى كەم بولغاندا ياكى ۋەيران قىلىنغاندا، ئىنساننىڭ ئۆزگە ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەن ياكى كەم بولىدۇ؛ ئىنسان دۇنياغا يامان كۆزى ۋە گۇمان بىلەن قارايدۇ. ئىجتىمائى مۇناسىۋەتتە باشقىلارغا ھەر زامان مۇداپىئە ۋە گۇمان بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. باشقىلار ۋە جەمئىيەتتىن ئاسان ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولىدۇ. ئىشەنسىزلىك تۈپەيلىدىن باشقىلار بىلەن ئاسان ھەمكارلىق ئورنىتالمايدۇ.

ئىشەنچەسىزلىك ياكى ئىشەنچىنىڭ كەم بولۇشى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى شەخسىي ئالاقە، كەسپىي مۇناسىۋەت ۋە پۇتكۈل جەمئىيەتتە ھەر خىل يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

1. شەخسى ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛

2. ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەيدۇ؛

3. ئىنسانلار ئارىسىدىكى بېسىم ۋە جىددىيچىلىك كۈچىيىدۇ؛

4. ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇش، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق ئاجىزلىشىدۇ؛

5. ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىق يوقايدۇ ياكى ھەمكارلىق ئۆز ئارا گۇمان ئىچىدە داۋام قىلىدۇ؛

6. شەخسىيەتچىلىك، پاسسىپلىق ۋە شەكىلۋازلىق كۈچىيىدۇ؛

**قانداق قىلغاندا ئۆز ئارا ئىشەنچنى  كۈچەيتكىلى بولىدۇ؟**

تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىشەنچ تۇيغۇسىنى مەلۇم دەرىجىدە كۈچەيتىش مۇمكىن:

1. دوستلار ئارىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇناسىۋەتنى قەدىرلەش؛

2. ئىنسانلارغا، بولۇپمۇ دوستلارغا ۋە ئەتراپتىكىلەرگە سەممىي بولۇش؛

3. ۋەدىسىدە تۇرۇش، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش؛

4. خاتالىق ئۆتكۈزگەندە چوقۇم ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىش؛

5. ھەر دائىم ھاجەتمەنلەرگە ياردەمدە بولۇش؛

6. باشقىلارغا، بولۇپمۇ دوست-بۇرادەرلەر ۋە ئەتراپتىكىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش؛

7. پرىنسىپلىق ۋە ئادالەتلىك بولۇش. خاتا، يامان ئىشلارغا قارشى تۇرۇش، توغرا ئىشلارنى قوللاش؛

8. ئوچۇق-ئاشكارە بولۇش ۋە مەيدانى ئېنىق بولۇش؛

9. باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندا كۆز قاراشنى ئېنىق ئىپادىلەش؛ مۇجمەللىكتىن ساقلىنىش؛

10. باشقىلارنى ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق ياكى خىجىل قىلماسلىق.




# ختاي ئىقتىسادى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىش بىلەن ئۆرە تۇرماقتا

دەنىل مۇرفي

# ختاي ئىقتىسادى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش بىلەن ئۆرە تۇرماقتا

دەنىل مۇرفىي

يۈزدىن ئارتۇق دۇنياۋىي ماركىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى مىڭلارچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە زاۋۇتلاردا ئىشچى بولۇشقا ئىشلەشكە يوللاش پىلانى بىلەن چېتىشلىقى بار.

بىر ئۇيغۇر ئەرنىڭ بىر زاۋۇتتا ماشىنىنىڭ غول تۆمۈرىنى قوراشتۇرۇۋاتقانلىق كۆرۈنۈشى ئېلىنغان بىر ۋىدىيودا ئۇ ئەرنىڭ «غېرىپلىق شەھەرگە كەتسەم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ» دەپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ ئىشلەۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ ئىشلەۋاتقان زاۋۇت تېسلا ئاپتوموبىللىرىغا زاپچاس تەمىنلەپ بېرىدىغان شىركەتكە تەۋە.

يەنە بىر ياش ئۇيغۇر ئەر دوۋىين يوللانمىسىغا «ھەممەيلەننىڭ قۇلى — ئۆز-ئۆزىنىڭ خوجايىنى» دەپ يېزىۋالغان. ئۇ ئىشلەۋاتقىنى پلاستىك بۇيۇملار زاۋۇتى بولۇپ، بۇ زاۋۇت مانچېستىر شەھەر پۇتبول كۇلۇبىغا مەبلەغ تەمىنلەيدىغان «Midea» ماركىلىق ئائىلە ئېلېكتىر بۇيۇملىرى شىركىتىنى زاپچاس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۆتكەن يىلى ماي ئېيىدا تورغا قويۇلغان ئۈچىنچى ۋىدىيو ئېلېكترون زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان، ئۇستىگە يەرلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ ئىسمى يېزىلغان قىزىل جىلىتكە كىيىۋالغان بىر ئەرگە ئائىت بولۇپ، مەزكۇر يەرلىك ھۆكۈمەت شەرقىي تۈركىستاندىن تۆت مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ختاي ئىچكى ئۆلكىسىدىكى بىر زاۋۇتقا ئەر ۋە ئاياللاردىن تەشكىل تاپقان ئۇيغۇر ئىشچىلارنى يۆتكىگەن. بۇ زاۋۇت سامسۇڭ خاتىرە كومپيۇتېرىنى زاپچاس بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنى كۆرگەن كىشى «ھاياتتا قىممىتى يوق ئىنسان يوق، پەقەت تەلەيسىز ئىنسانلار بار» دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

بۇ مەزمۇندىكى ۋىدىيولار ختاي ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ھەقىقىتىنى ئەكىس ئەتتۈرىدۇ. كەڭ دائىرىلىك بىر تەتقىقات نەتىجىسى يۈزدىن ئارتۇق خەلقئارالىق ماركىنىڭ خەلقئارادا «مەجبۇرىي ئەمگەك» دەپ

ئاتالغان سىستىما بويىچە ئىشقا ئېلىنغان ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى ئىشقا سالىدىغان زاۋۇتلار بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ماركىلارنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان زۇلۇمغا ھەمدەم بولۇۋاتقان كارخانىلارغا جازا يۈرگۈزۈلۈشىنى نىشانلىغان مۇناسىۋەتلىك ئامېرىكا قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش خەتىرىگە دۇچ كەلگەن.

تەتقىقاتچى ژۇرنالىستلىق بيۇروسى (TBIJ) تىك توكنىڭ خىتايدا ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىسى دوۋيىندا تارقىتىلغان ئون مىڭلارچە ۋىدىيونى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي زورىيىشىغا ياردەمچى بولىۋاتقان چوڭ كۆلەملىك مەخپىي كۆچكۈننى ئوتتۇرىغا چىقاردى. دوۋيىندا تارقىتىلغان مەزكۇر ۋىدىيولارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئېنىقلىنىشى ۋە خىتاي دۆلەت مېدىياسى دوكلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، تەتقىقاتچى ژۇرنالىستلىق بيۇروسى، نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى ۋە «Der Spiegel» خىتاينىڭ ئون بىر ئۆلكىسىدىكى 75 زاۋۇتتا ئىشقا سېلىنىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە قىلىنغان زۇلۇملارغا قارشى خەلقئارالىق ئىنكاسلار شەرقىي تۈركىستان دائىرىسى ئىچىدە يۈز بەرگەن مەجبۇرىي ئەمگەك ھەققىدە بولۇپ كەلگەن، مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن. بىراق، بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش مەسىلىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دائىرىسىدىن كۆپ ئۆزاقلارغا سوزۇلغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

بۇ تەكشۈرۈش خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئون مىڭلارچە ئىنسانىنى شەرقتىكى زاۋۇتلاردا ئىشقا سېلىش پروگراممىسىنىڭ خىتاينىڭ ئېكسپورتتىن قولغا كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي پايدا ئېلىش تاكتىكىسىنى تەپسىلىي رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ئىشچىلار كونۇپكا تاختىسىدىن ماشىنىغا قەدەر ئەنگلىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ئەۋەتىلىدىغان مەھسۇلاتلاردا ئىشلىتىدىلىغان زاپچاسلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

مەجبۇرىي ئەمگەككە بولغان چېتىشلىقلىق خىتاي ئىقتىسادىنىڭ بارچە ساھەلىرىگە يېيىلغان. «ئالما» دىن «ۋولكسۋاگېن»غا قەدەر يۈزدىن كۆپ ماركىنىڭ بۇ رەزىل تىجارەت بىلەن مۇناسىۋىتى بار. مۇناسىۋەتلىك پاكىتلار تۈنجى رەت «Midea» ۋە «LG» ئېلىكتىر بۇيۇملىرى شىركىتىگە مۇناسىۋەتلىك زاۋۇتلارغا ئوخشاش چوڭ ماركىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى زاۋۇتلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش پروگراممىسىغا قوشۇلغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق

مەھسۇلاتلار ئارىسىدا «Skechers» ئاياقلىرىدىن تارتىپ «KFC» توخۇلىرىغىچە ھەممە مەھسۇلات تېپىلىدۇ.

«Apple» بىلەن «Samsung» ئۆزىنى زاپچاس بىلەن تەمىنلەيدىغان زاۋۇتلارنىڭ شىركەت تەرىپىدىن مۇستەقىل رەۋىشتە، قەرەللىك ھالدا تەكشۈرۈپ تۇرۇلىدىغانلىقىنى، يېقىنقى تەكشۈرۈشتە مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق بولۇش ھادىسىسىنىڭ كۆرۈلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. بىراق «Apple» مەجبۇرىي ئەمگەككە مۇناسىۋەتلىك ئەددىئالارنى تەكشۈرگىنىنى ئېيتتى. «Volkswagen» مۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، بىراق تەكشۈرۈش ئاياقلاشقانغا قەدەر ۋە «توختام بىلەن قەتئىيلەشكەن مەخپىيلىككە بىنائەن» بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. «Skechers» بىلەن «KFC» مۇ «TBIJ» بۇ ھەقتىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمىدى.

بىراق، تەتقىقاتچىلار كىشىلىك ھوقۇق شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ھۆكۈمەتلىرى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا كۆرە، كۆپ سانلىق مۇسۇلمان ئاز سانلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئىشچىلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك يۆتكىۋېتىلىشى دۆلەتنىڭ قولى بىلەن مەجبۇرىي ئىشقا سېلىنىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ساقچى دۆلىتىسىمان بىر مۇھىتتا ياشايدىغان ۋە مۇھىم ساھەلەردە مەجبۇرىي ئەمگەككە زورلانغان كىشىلەرنىڭ دۆلەت ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن ئىشقا ئېلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش جەھەتتىكى سابىق سىياسەت مەسلىھەتچىسى لاۋرا مۇرفىي (Laura Murphy) مۇنداق دېدى: «بىر ھۆكۈمەت خادىمى بىر ئۇيغۇرنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، ئۆيىدىن يىراق بىر يەرگە ئىشلەشكە بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقىنىدا، ئىشىكى چېكىلگەن كىشى بۇنىڭ پەقەتلا بىر تەلەپ ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. بۇ تەلەپنى رەت قىلىشنىڭ قولغا ئېلىنىش جازاسىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. قولغا ئېلىنىشنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر بىر ئۇيغۇر يا ئۆزى يا ئۇنىڭ بىر يېقىنى قولغا ئېلىنغان. بۇ بىر تاللاش ئەمەس. رازىمەنلىك تېخىمۇ ئەمەس.»

«TBIJ» تەتقىقاتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى ئېزىشكە ئالاقىدار ئىلگىرىكى خەۋەرلەرنىڭ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنىڭ نەقەدەر كەڭرى كۆلەم ھاسىل قىلغانلىقى ھەققىدە مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، داڭلىق ماركىلار ۋە چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلگەن تەدبىرلەرنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇۋەپپەقىيەتسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. TBIJ تىجارەت دوكلاتلىرىنى،

شىركەتلەرنىڭ تور بېتىدىكى ئۇچۇرلارنى ۋە باشقا مەلۇماتلارنى ئىشقا سېلىپ، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەدىن كولومبىيە ۋە مىسىرغا قەدەر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى 86 بازارغا يېتىپ كېلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈردى. مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق بولمىغان خىتاي مېلى ئېلىش بارغانچە قىيىن ھالغا كېلىۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى.

## ئۆز ئۆيىدىن 3200 كلومېتىر ئۇزاقلىقتا

دوۋيىندىن «شىنجاڭ» دەپ يېزىپ ئىزدىگىنىمىزدە، خىتاي ساياھەت بلوگچىلىرى تەرىپىدىن دوۋيىنغا قويۇلغان تاغلىق مەنزىرىلەر، ئاتقا مىنىش كۆرۈنۈشلىرى ۋە پىژىلداپ پىشۋاتقان كاۋاپلار كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولىدۇ. بىرە-بىرە شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈلگەن خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا يەرلىشىش ۋە ساياھەت ھەققىدە سۆز قىلغان ۋىدېيولىرى ئالدىمىزغا ئۇچرايدۇ.

تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئىزدىگىنىمىزدە پەرقلىق ۋىدېيولار بىلەن ئۇچرىشىمىز.

2022-يىلى 9-ئايدا يۈزلەرچە ئەر ۋە ئايال شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاتۇش كەسپىي تەربىيىلەش مەكتىپىنىڭ ئالدىغا توپلاندى. رەت-رەت تىزىلغان ئەر-ئاياللارنىڭ چامادانلىرى يېنىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار مەكتەپ مەسئۇللىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەيدىسىگە گۈلچەمبىرەك تاقىشىنى ساقلاپ تۇراتتى. گۈلچەمبىرەك خىتايدا كەڭ تارقالغان بىر سىمۋول بولۇپ، دۆلەت ئىچىدە ماختىلىدىغان ئەمما چەتئەللەرگە قارىتا بەك ئاز بىلىنىدىغان ئىش كۈچى يۆتكەش پروگراممىسىنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. رەتلىك تىزىلغان «ئىشچىلار» يۇقىرى تېخنولوگىيىلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا خىتاينىڭ مۇھىم شەھىرى بولغان، شەرقتىكى دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان ياڭجوۋ شەھىرىگە ئىشچىلىققا ئېلىپ بېرىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى پويىز ئىستانسىسىغا توشۇيدىغان ئاپتوبۇسنىڭ كېلىشىنى ساقلىغاچ سۆزلەنگەن نۇتۇقنى تىڭشاپ تۇرۇشتى. ياڭجوۋ شەھىرى جياڭسۇ ئۆلكىسىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىن 3200 كىلومېتىر ئۇزاقتا.

بىر ھۆكۈمەت ھېسابىدا تارقىتىلغان ۋىدېوغا كىرگۈزۈلگەن ئېكران ئاستى يېزىقتا قارىغاندا، بۇ گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ تېلېفون كارتىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان «Elec & Eltek»غا قاراپ يولغا چىققانلىقىنى ئىسپاتلاندى.

TBIJ مۇخبىرى 18 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ مىڭلارچە دوۋيىن ھېسابىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەش پىلانىغا ئالاقىدار يىپ ئۇچلىرىنى ئىزدىدى. ئاتۇش

گۇرۇپپىسىنىڭ ۋىدىيوسى بىر ھۆكۈمەت قانىلىنىڭ تەشۋىقاتىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى. TBIJ تەكشۈرۈپ چىققان ۋىدىيولارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئىچكىرىگە يۆتكەلگەن ئىشچىلار ئۆز قولى بىلەن دوۋيىنغا قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قايسى زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۈچىنچى كىيۋالغان ئىش فورمىسىدىكى ماركىغا ياكى ئۇلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى بىناغا قاراپ تەپسىلىي ئانالىز قىلىش كېرەك بولاتتى.

مۇناسىۋەتلىك ۋىدىيولار 2019-يىللىرىدا نۇرغۇنلىغان زاۋۇتلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ھالدا ئىشچىلىقتا ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بىراق، پەقەتلا 300 دوۋيىن ھېسابى 2023-يىلى 1-ئايدىن ئېتىبارەن زاۋۇتقا مۇناسىۋەتلىك ياكى زاۋۇتنىڭ ياتىقىدىكى مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى چىقاردى. بۇ ھېسابلاردا كۆپۈنچە ئاپتوبۇس، پويىز ۋە ئايروپىلان ئارقىلىق روياپقا چىققان ئىشنى يۆتكەش ھادىسىسى زاھىر بولغان ئىدى.

TBIJ شەرقىي تۈركىستاندىن يۆتكەلگەن ئىشچىلار ئىشقا سېلىنىۋاتقان زاۋۇتلارنىڭ ئورنىنى بەلگىلەش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللاندى. TBIJ خىتاي دۆلەت مېدىياسىدىكى ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ماقالە، يەرلىك ھۆكۈمەت دوكلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۈندىدارلىرىدا تارقاتقان ئېلان-تەشۋىقاتلىرى ۋە شىركەتلەرنىڭ تەشۋىقات سۇپىلىرى قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پروگراممىسىنىڭ راستلىقىنى دەلىللىدى.

مۇشۇ يىلنىڭ (يەنى 2025-يىلىنىڭ) بېشىدا نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى ۋە «Der Spiegel» مۇخبىرلىرى تەخمىنەن ئىككى گۇرۇپپا ئىش ئورنىنى زىيارەت قىلىپ، زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقانلار بىلەن ۋە ئۇيغۇر ئىشچىلار بىلەن كۆرۈشتى. ئىشچىلارنىڭ نۇرغۇنى مۇخبىرلارغا قارشى سەزگۈر ھالەتتە ئىدى. مۇخبىرلار بىلەن سۆزلىشىشتە ئاكتىپ بولغانلار بولسا ھەر بىر زاۋۇت بۆلىكىدە توپ-توپ، ھەتتا يۈزلەرچە «شىنجاڭلىق» ئىشچىلارنىڭ بارلىقىنى، ئادەتتە دۆلەتكە ئائىت ئىدارىلەر تەرىپىدىن گۇرۇپپا شەكلىدە ئېلىپ كېلىنىدىغانلىقىنى، بۇ ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ ياتاقلاردا ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بەزى ئىشچىلار زاۋۇتقا مەسئۇل قوغدىغۇچىلارنىڭ «شىنجاڭلىق» ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يەنە بەزى ئىشچىلار «شىنجاڭلىق» ئىشچىلارنىڭ ئىشلەش ۋاقتىنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇنلۇقىنى، لېكىن ئىش ھەققىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش ھەققىگە قارىغاندا يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ۋۇخەن شەھىرىگە قاراشلىق بىر چەت مەھەللىگە جايلاشقان مەلۇم بىر ماشىنا زاپچاسلىرى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ قوغداش خادىمى مۇنداق دېدى: «بۇ يەردە بەك كۆپ شىنجاڭلىق ئىشچى

بار، سانى ئىككى يۈزدىن ئاشىدۇ.» قوغداش خادىمى شىركەتنىڭ شىنجاڭلىقلارنى بىۋاستە ئىشقا ئالمايدىغانلىقىنى، ھەممە شىنجاڭلىقنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن تەقسىملىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

TBIJ تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن يېزىقچە دەلىل-ئىسپاتلار يېقىنقى ئون يىلدا ئەڭ ئاز ئون بىر مىڭ كىشىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن مىڭلارچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى توققۇز ئۆلكىگە جايلاشقان زاۋۇتلارغا، شۇنداقلا تيەنجىن ۋە چۇڭچىڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

ئون بىر مىڭ دېگەن بۇ سان ئومۇمىي سانغا نىسبەتەن بەك ئاز سان ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، رەسمىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، جياڭسۇ ئۆلكىسى 2023-يىلى 39 مىڭ شىنجاڭلىق «ئىشچىنى» قوبۇل قىلغان ئىدى. يەرلىك دوكلاتلارغا ئاساسلانغان، شىنجاڭدىكى ناھىيەلەردىن بىرى 2023-يىلىنىڭ باشتىكى تۆتتىن بىرىدە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكىگەن. دۆلەت مېدىياسىدا يەر ئالغان بىر خەۋەردە ئىشچى يۆتكەش پىلانى باشلانغاندىن 2006-يىلىغا قەدەر باشقا ئۆلكىگە يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئىش كۈچى يۆتكەلگەنلىكى ئېنىقلاندى.

TBIJ تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن ئىشچى يۆتكەش پروگراممىسىدا يەر ئالغان 75 زاۋۇتنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەكى خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ سانائەت مەركەزلىرى بولغان گۇاڭدوڭ، جياڭسۇ ۋە شەندوڭغا جايلاشقان. باشقا 45 زاۋۇت خۇبېي، فۇجيەن، لياۋنىڭ، تيەنجىن، جياڭشى، ئەنخۇي، خۇنەن ۋە چۇڭچىڭدا، يەنە خىتاي سانائىتىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدە يەر ئالغان.

بۇ زاۋۇتلار كىر يۇيۇش ماشىنىسىدىن تارتىپ، كۆز ئەينەك پارچىلىرىغىچە بولغان مەھسۇلاتلارنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇشتەرىلەرگە ئۇلاشتۇرىدىغان تەمىنلەش زەنجىرىنى مال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**ئاسسىمىلاتسىيە، بېسىم ۋە مېڭە يۇيۇش**

شى جىنپىڭ 2023-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلدى. بۇ زىيارەتتە يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دۆلىتىدە ئىش تېپىشى ئۈچۈن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنى تەلىم بەردى. شى جىنپىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدىن بىر قانچە ئاي ئىلگىرى يەرلىك ھۆكۈمەت ئىچكىرىگە ئەۋەتىدىغان ئىشلەمچى ساننى ئۈچتىن بىر نىسبەتتە ئاشۇرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى.

بۇ خىل تەدبىرلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نەچچە ئون يىللاردىن بېرى يۈرگۈزۈۋاتقان بېسىم سىياسىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى «يوقسۇللۇقنى ئازايىتىش» نامى ئاستىدا مىليونلارچە ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ھەر قايسى ئۆلكىلەرگە ئىشچىلىققا مەجبۇرىي ئېلىپ كەتتى. بۇ ئارقىلىق ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا قارشى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئىگە بولدى.

شى جىنپىڭ 2014-يىلى شەرقىي تۈركىستاندا تېرورىزىمغا ۋە زوراۋانلىق، ئاشقۇنلۇققا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستاندا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئىنسان تۇتۇپ سولاندى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى يىغىۋېلىش مەركەزلىرىدە ۋە تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىدە زاۋۇتلاردا ئىشلەشكە زورلاندى.

ۋاشىنگتونغا جايلاشقان «Atlantic Council» نامىدىكى ئەقىل ئامبىرىدا مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر ئادۋوكات رەيھان ئەسەت «نۆۋەتتە تۈرمىلەردە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆپ قىسمى قانۇنىي جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرمەي تۇرۇپلا رەسمىي شەكىلدە تۈرمىگە قامالغان» دېدى. ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ 2024-يىلىدىكى بىر دوكلاتىدا ئۇيغۇرلار ئومۇمىي خىتاي نوپۇسىنىڭ بىر پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىشىغا قارىماي، خىتايدىكى بارلىق تۈرمىلەردە جازا مۇددىتى ئۆتەۋاتقانلارنىڭ 34 پىرسەنتىنىڭ ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى قەيت قىلغان. رەيھان ئەسەت ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىلگەن ھالەتلەردە سوتقا تارتىلماستىن، ئادۋوكات تۇتۇشقا پۇرسەت بېرىلمەستىن جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىي زۇلۇم تەتقىقاتىدىكى دۇنياغا مەشھۇر تەتقىقاتچى دوكتور ئادرىيان زېنزنىڭ ئېيتىشىچە، 2021-يىلى شىنجاڭغا بىر يېڭى ئەمەلدار پارتىيە باش سېكرېتارى بولۇپ تەيىنلەنگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم سىياسىتىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. زېنزغا كۆرە شىنجاڭ ھۆكۈمىتى كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ سولاشنىڭ ئورنىغا، ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پىلانىنى كېڭەيتىشكە ۋە مۇقىملاشتۇرۇشقا ئاتلاندى.

مەزكۇر ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پىلانىدا 2021-يىلىدىن 2025-يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئاساس بولۇغان ھالدا 13.75 مىليون كىشىنىڭ ئىشچى سۈپىتىدە باشقا يۇرتلارغا ئېلىپ كېتىلىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنغان ۋە ئىشچىلىققا ئېلىپ كېتىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسىي ئارخىپلىرىنىڭ ھەر قايسى ئۆلكە ھۆكۈمەتلىرىگە ئېلېكتىرونلۇق شەكىلدە تەمىنلىنىدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىشچى يۆتكەش خىزمىتىنى جانلاندۇرۇش تەلىماتى بېرىلگەن.

خىتاي دۆلەت مېدىيا ئورگانلىرىغا كۆرە، 2022-يىلى 800 مىڭغا يېقىن كىشى ئىش كۆچى يۆتكەش پىلانىنىڭ ئوبيېكتى بولغان.

ئەمگەك كۈچى يۆتكەش خىزمىتىنى نازارەت قىلىدىغان شىنجاڭ ھۆكۈمىتى خادىملىرى ئىلگىرى ئىشقا ئېلىنغانلاردىن بەزىلىرىنىڭ «ئۆيىدىن ئايرىلىشنى خالىمىغانلىقى» ئۈچۈن قېچىپ كەتكەنلىكىنى شىكايەت قىلغان ئىدى. دۆلەت بۇ خىل ئەندىشىلەرنى «يوق قىلىش» ئۈچۈن 2020-يىلى ئىشچىلىقتا تۇتۇلغان كىشىلەرنىڭ بېقىشقا موھتاج ئاتا-ئانىلىرىنى ياشانغانلارنى كۈتۈش ساناتورىيىلىرىگە يەرلەشتۈردى، بالىلىرىنى بولسا ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى مەركەزلەرگە يەرلەشتۈردى، شۇنداقلا «ئىشچى»لارنىڭ ئېتىزلىقلىرى بىلەن مال-چارۋىلىرىنى «مەركەزلەشتۈردى».

خىتاينىڭ ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەش پروگراممىسىنى تەتقىق قىلغان تەتقىقاتچىلار 2016-يىلى ئېلىپ بارغان بىر تەتقىقاتتا قەشقەرگە يېقىن بىر يېزىدا ئانكېتقا قاتناشقان 85 پىرسەنت ئۇيغۇرنىڭ دۆلەتنىڭ باشقا شەھەرگە ئىشچىلىققا يۆتكەش پىلانىغا رازى ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى. تەتقىقاتچىلار «دېھقانلارنىڭ ئۆز يېزىسىدىن ئايرىلىپ باشقا يەرلەردە ئىشلەشكە قەتئىي رايى يوق» دېدى.

## بېسىملار

خەلقئارالىق ئەمگەك تەشكىلاتى، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەزكۇر ئەمگەك كۈچى يۆتكەش قىلمىشىنى «مەجبۇرىي يۆتكەش» دەپ ئاتىدى.

ئادرىيان زېنز شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلارغا خىتابەن «بىكار قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ھەققىدە مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن كۈچلۈك رەۋىشتە سىياسىي بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئېلىۋاتىسىلەر» دېدى ۋە ئەمگەككە سىلىنىش ئۈچۈن باشقا ئۆلكىلەرگە يۆتكەشنى رەت قىلىش ناۋادا تۇتۇپ سولىنىش جازاسىغا ئۇچرىمىدى دېگەندىمۇ، بۇ يۆتكەش پىلانىنىڭ مەجبۇرىيلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

## كۆز قۇلاقلار

ئوتتۇز ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئىشچى بىللە يۆتكەلگىنىدە، ھۆكۈمەت ئۇلارغا كۆز قۇلاقلار ۋە بىخەتەرلىك خادىملىرى سەپلەيدۇ. بۇ كۆز قۇلاقلار ئۇلارنى كۆزلەنگەن زاۋۇتلارغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ زاۋۇت

مەسئۇللىرى بىلەن ئالاقە قىلىشى قاتارلىق ئىشلاردا رول ئوينايدۇ ۋە زاۋۇتتا ئۇلار بىلەن بىللە ياشايدۇ. كۆز قۇلاقلار يەنە ئەمگەككە سېلىش پروگراممىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بولغان كۇلتۇرەل ئاسسىمىلاتسىيە ۋە سىياسىي مېڭە يۇيۇش خىزمىتىدە ياردەمچى بولىدۇ.

TBIJ نىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن كېيىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن ۋىدېيولاردىن بىرىدە، بىر كۆز قۇلاقنىڭ قىرىقتىن ئارتۇق ئۇيغۇرغا بايراقتا قەسەم قىلدۇرۇۋاتقان، ئاق كۆڭلەك، قارا ئىشتان كىيگەن سېمىز كۆز قۇلاقنىڭ رىياسەتچىلىك ھەرىكەتلىرى مەۋجۇت.

باشقا بىر ۋىدىيودا ئالىم ئىسىملىك بىر كۆز قۇلاقنىڭ ئىشچىلارغا بايراقتا قەسەم قىلدۇرۇش مۇراسىمى قىلىنىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. TBIJ نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ئانالىزچىلار بۇ خىل كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز كىملىكلىرىنىڭ ھېلىگەرلىك بىلەن يوق قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بەئەينى دۆلەت مېدىيالىرىدا دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان «ۋەتەنپەرۋەرلىك» تەشۋىقاتىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ خىتايغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچىسى يالقۇن ئۇلۇغيول بۇ خىلدىكى ۋىدىيولارنى «بەكمۇ ھەيران قالارلىق» دەپ سۈپەتلىدى. ئۇلۇغيول بايراقتا ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىش قەسىمىنىڭ «سىياسىي مېڭە يۇيۇش» ئىكەنلىكىنى ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» تەشكىل قىلىدىغان زۇلۇم سىياسىتىنىڭ بىر ۋارىيانتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

## جازالار ۋە مۇسادىرە

ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان زۇلۇملارغا قارشى كۆرسىتىلگەن خەلقئارالىق ئىنكاسلار مۇناسىۋەتلىك كۆزەتكۈچى، تەتقىقاتچى ۋە مۇخبىرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەقەلەرگە دىققەت قىلىپ تۇرۇشىغا يول ئاچتى. ئىلگىرىكى ئېنقىلاشلارنىڭ كۆپىنچىسى دۇنيا پاختىسىنىڭ تەخمىنەن بەشتىن بىرىنى ئىشلەپچىقىرىۋاتقان شىنجاڭدىكى پاختىزارلىقلاردا مەجبۇرىي ئىشقا سېلىنىۋاتقان رېئاللىقلارنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. بۇ ۋەجىدىن ئامېرىكا 2020-يىلى شىنجاڭ پاختىسىنىڭ ئىمپورتىنى چەكلەيدىغان بىر چەكلىمە چىقاردى، 2021-يىلى بۇ چەكلىمىنى شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان پاختا ۋە شوخلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھالدا كېڭەيتتى. 2022-يىلى بولسا تېخىمۇ كەڭرى رەۋىشتە «ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنى چەكلەش قانۇنى»نى قوبۇل قىلدى. بۇ قانۇن پاختا قاتارلىق شىنجاڭدا

ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلاردىن سىرت، بۇ پاختىلارنى ئىشلىتىپ توقۇلغان رەختلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ سىرتىدىكى ساناتەتلەردە ئىشلىتىلىشىنى نىشانلىدى.

بۇ قانۇن يەنە ئامېرىكادا ئىمپورت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەرنىڭ خىتاينىڭ شەرقىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پروگراممىسىدا قولى بار كارخانىلار بىلەن تىجارەت قىلىشىنى چەكلەيدۇ. ئامېرىكانىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرى ھازىرغا قەدەر بۇ قانۇنغا خىلاپ شەكىلدە ئېلىپ كېلىنگەن 3.6 مىليارت دوللار قىممىتىدىكى تاۋارنى مۇسادىرە قىلغان. خىتاينىڭ ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى باياناتچىسى «ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنى چەكلەش قانۇنى»نىڭ «خەلقئارا قانۇنغا ۋە خەلقئارالىق مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلىدىغان ئاساسىي قائىدىلەرگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى، ھەمدە خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قول تىقىش» ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بۇ يىل ئۆز تور بېتىدە خىتاينىڭ «مەجبۇرىي ئەمگەك سىياسىتىنىڭ ئامېرىكا تىجارىتىگە سەلبىي تەسىر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئامېرىكالىق شىركەتلەرنى كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشىدىكى جىنايەت شېرىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى» بايان قىلدى.

### شېئىرىي قارشىلىق

مەجبۇرىي ئىشچىلىققا ئېلىپ كېتىلگەن بەزى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ دوۋيىن ھېسابلىرىدا ئۆزى دۇچ كەلگەن مەجبۇرىي رېئاللىقنى شېئىرىي ياكى تەسىرلىك جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىدى. 21 ياشلىق ئابدۇل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن نەقىل كەلتۈرگەن بىر ۋىدىيو چىقاردى، ۋىدىيودا «رەھىمسىز ھايات كۆرۈشى بولمىسا، ھېچكىممۇ ياقا يۇرتتا مۇساپىر بولۇش يولىنى تاللىمىغان بولاتتى» دېگەن جۈملىلەر ئورۇن ئالغان ئىدى.

پاتىمە ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر قىزى ئالتە ئاي ئىلگىرى يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كۆرۈنۈش تەسۋىرلەنگەن ۋىدىيو چىقارغان بولۇپ، ۋىدىيوغا كىرىشتۈرۈلگەن ناخشا تېكىستىدە مۇنۇ جۈملىلەر بار ئىدى: «ئاسمان نېمىشقا يامغۇر بولۇپ يىغلايدۇ؟ مېنىڭ كۆزۈم دەريا بولۇپ ئاقماقتا...»

فىلاددېلفىيا درېكسىل ئۇنىۋېرسىتېتىدا تىل ۋە كىملىك ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان پروفېسسور رېبېكا كلوزى (Rebecca Clothey) «مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلىشىڭىز

كېرەك» دېدى. كلوزى خىتاينىڭ ئېغىر تور سۆزگۈچ سىياسىتى ئاستىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈلتۈرەل كىملىكلىرىنى ۋە قارشىلىقلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىنتېرنىتتا لىپاپىلانغان تىل قوللانغانلىقىنى بايان قىلدى. دوۋيىن ۋىدىيولىرىدىن بىر قىسمىنى تەتقىق قىلغان كلوزى، ستىنبېرگ ۋە باشقا كۈلتۈر مۇتەخەسسىسلىرى ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ ئۆز ھالىدىن رازى ئەمەسلىكىنى ۋە بېشىغا كەلگەن قىيىن كۈنلەرنى ئاشۇ خىل كۆرۈنۈش ۋە تىللار ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىكىنى تىلغا ئالدى.

جەنۇبىي كورىيە چېگرىسىغا ماشىنىلىق بىر نەچچە سائەتلىك مۇساپىدىكى لياۋنىڭدا قۇرۇلغان بىر فېرمىدا خام توخۇلارنى ئۇستىلىق بىلەن پارچىلاۋاتقان بىر ئۇيغۇر ئايال مەزكۇر 14 سېكونتلۇق ۋىدىيو كۆرۈنۈشىدە تۆۋە ئاۋازدا ئوقۇلغان مۇنۇ شېئىرنى قىستۇرما قىلغان:

ئازاپلىرىم دېڭىزدەك بىپايان، كەلكۈندەك توسالغۇسىز،

شۇندىمۇ دۇنياغا باقىمەن خۇشال، ئەمەسمەن كۈلكىسىز.

ئاۋازىم يوق، جىمجىتلىققا يەم بولىمەن بارغانچە،

ھېچكىمنىڭ كارى يوق، ھەركىم ماڭا ئۇن-تىنسىز.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.thebureauinvestigates.com/stories/2025-05-29/chinas-economy-runs-on-uyghur-forced-labour



# رەقەملىك ھۇجۇم ئىچىدىكى ھايات: خىتاي دۆلىتى ئۇيغۇرلارنى رەقەملىك دۇنيادا قانداق نىشانغا ئالدۇ

ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرىشىت

# رەقەملىك ھۇجۇم ئىچىدىكى ھايات: خىتاي دۆلىتى ئۇيغۇرلارنى رەقەملىك دۇنيادا قانداق نىشانغا ئالىدۇ

ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرىشت

قېرىنداشلار، بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنى — يۈز تونۇش تېخنىكىلىرى، تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى ۋە نازارەت كامېرالىرى ئارقىلىق كونترول قىلىۋاتقىنىنى ئۇزۇندىن بېرى بىلەتتۇق. لېكىن بۈگۈن مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، خىتاي سىرتىدىمۇ، ھەتتا ئاتالمىش ئەركىن دۇنيادىمۇ، ئۇلار بىزنى كۆزىتىۋاتىدۇ — تېلېفونلىرىمىز، ئەپلىرىمىز ۋە ئېلېكترونلۇق خەتلىرىمىز ئارقىلىق.

بۇ بىر چاقچاق ئەمەس. بۇ دۆلەت ھالقىغان رەقەملىك باستۇرۇشتۇر. خىتاي دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىش، كۆزىتىش ۋە ئاۋازىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن سانلىق مەلۇمات قوراللىرىنى قوللىنىۋاتىدۇ. ئەڭ يېڭى دەلىللەر ئەنگلىيەنىڭ دۆلەتلىك سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىك مەركىزى (NCSC) ۋە 2025-يىلى ئاپرېلدا سىتىزېن لاب تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولماقتا.

ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ ئورتاق دوكلاتىدىكى تىلغا ئېلىنغان «BADBAZAAR» ۋە «MOONSHINE» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتاللىرى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى، ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ۋە ئادەتتىكى جامائەت ئەزالىرىنىڭ ئەقلىق تېلېفونلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە.

**[BADBAZAAR]**

بۇ خىتايدىكى «APT15» ئىسىملىك سانلىق مەلۇمات جاسۇسلۇق گۇرۇھى تەرىپىدىن ياسالغان بولۇپ، خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ياكى دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ جاسۇسلۇق دېتالى ھەم ئاندرويىد ھەم ئالمىنىڭ سىستېمىلىرىنى يۇقۇملاندۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئۇيغۇرلار پايدىلىق دەپ ئىشلىتىدىغان ئەپلەر ئىچىگە يوشۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار:

- VPN ئەپلىرى
- قۇرئان قويغۇچلار
- تىل قوراللىرى
- ئۇيغۇرچە ياكى ئىسلامىي كۇنۇپكا تاختىسى ئەپلىرى

قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار قاچىلانغاندىن كېيىن:

- سىزنىڭ ماس قەدەملىك GPS ئورنىڭىزنى خاتىرلەيدۇ.
- تېلېفون خاتىرىلىرى، تېكىست ئۇچۇرلىرى ۋە ئالاقىلىشىش تىزىملىكىنى توپلايدۇ.
- سىزنىڭ مىكروفون ۋە كامېراڭىزغا كىرىش هوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.
- تېلېفونىڭىزدىكى هۆججەتلەر ۋە سۈرەتلەرنى ئوقۇيدۇ.
- بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى خىتايدىكى يىراقتىن باشقۇرۇش مۇلازىمېتىرلىرىغا يوللايدۇ.

**[MOONSHINE]**

2019-يىلى تۇنجى قېتىم بايقالغان ۋە بۆگۈنگە قەدەر ئاكتىپ بولۇپ، ئۇ تور سۇپىلىرى، تېلېگرام گۇرۇپپىلىرى ۋە ۋاتسئاپتا ھەمبەھىرلەنگەن ئۇلىنىشلار ئارقىلىق تارقىلىدۇ ۋە تونۇش بولغان ئىسلام دىنىي ياكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەپلەرگە يوشۇرۇنۇپ تارقىلىدۇ، مەسىلەن «ئاۋازلىق قۇرئان»، «ئەۋلات» دېگەندەك. ئۇلار قاچىلانغاندىن كېيىن:

- سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بولماي تۇرۇپ ئاۋاز خاتىرىلىيەلەيدۇ.
- ئەسۋابىڭىزنىڭ كامېراسىنى ئىشلىتىپ سۈرەت ئالالايدۇ
- سىزنىڭ قەيەرگە بارغانلىقىڭىزنى ۋە كىم بىلەن سۆزلەشكەنلىكىڭىزنى نازارەت قىلالايدۇ.

- بۇ ئۈچۈرلارنىڭ ھەممىسىنى خىتاينىڭ سىچۇەن ئۆلكىسىدىن باشقۇرۇلىدۇ دەپ گۇمان قىلىنغان مۇلازىمېتىرلىرىغا يەتكۈزىدۇ.

بۇ ھۇجۇملار ئادەتتىكى ھۇجۇملار ئەمەس. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئېتىقادى ۋە ئىشەنچىسىنى مەقسەتلىك خاتا يولغا باشلاش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن.

2025-يىلى ئاپرېلدا، سىتىزېن لاب كىشىنى چۆچۈتىدىغان يېڭى بىر تاكتىكىنى ئاشكارىلىدى. مۇناسىۋەتلىك خەۋەردە دېيىلىشىچە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئىشەنچلىك دەپ قارالغان بىر سىدىن بىر ئېلېكترونلۇق خەت تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، ئېلېكترونلۇق خەتتە ئۇيغۇر تىلىدىكى تېكىست تەھرىرلىگۈچى «UyghurEdit» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان پارول بىلەن قوغدالغان «ZIP» ھۆججىتىنىڭ گۇگۇل دىسكا ئۇلىنىشى بار ئىدى. بۇ تېكىست تەھرىرلىگۈچى ھەقىقىي، ئوچۇق كودلۇق، جەمئىيەتمىزدە ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان، ھەممىگە تونۇش قورال ئىدى. ئەمما ئۇ ئۇلىنىشتىكى نۇسخىسى جاسۇسلۇق دېتالى بىلەن ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ئۇنى قاچىلىغاندىن كېيىن كومپيۇتېر ئىچىدىكى ئۇسكۈنە ۋە يۇمشاق دېتال سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاش، توپلانغان ئۇچۇرلارنى خىتاي كونتروللۇقىدىكى مۇلازىمېترغا يوللاش ۋە زىيانكەش يۇمشاق دېتاللارنى قاچىلاش ئىقتىدارى بار ئىدى.

ئۇنداقتا ئۇنىڭ كەينىدە كىم بار ئىدى؟

تەتقىقات نەتىجىسىگە كۆرە، بۇ ھۇجۇم خىتايدىن مەشغۇلات قىلىنۋاتقان، مەخسۇس ئۇيغۇر ۋە تىبەت مۇساپىرلىرىنى ئىز قوغلاشتا مۇتەخەسسىسلەشكەن گۇرۇھ بولغان APT15، APT41 ۋە ياكى EvilBamboo قاتارلىق APT گۇرۇھلىرىنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرسەتمەكتە. چۈنكى بۇ ھۇجۇملار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن مۇلازىمېترلارنىڭ تور ئادرېسلىرى خىتايدا رويخەتكە ئېلىنغان ۋە ئۇلار قالدۇرغان ئىزلار «سىچۇەن دېڭنىكې تور بىخەتەرلىك شىركىتى» نى كۆرسەتمەكتە.

ئۇلارنىڭ نىشانلىرى:

- ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلار ۋە سىياسىي رەھبەرلەرنى ئىز قوغلاش.
- دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىمنىڭ كىم بىلەن ئىشلەۋاتقانلىقىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىش.

- ئاۋاز ۋە سۈرەتلىرىنى توپلاش.

- جامائەت مەركەزلىرى، مەسچىتلەر ياكى پائالىيەتلەرنىڭ ئورنىنى بېكىتىش.

ئۇلار نېمىنى ئوغرىلايدۇ:

- پائالىيەتچىلەرنىڭ ماتېريال ئامبىرىنى قوغۇش ئۈچۈن ئىسىملار ۋە ئالاقە تىزىملىكلىرى.

- خۇلقىنى مىجەزىنى، مايىللىقىنى بىلىش ئۈچۈن ماتېريال توپلاش.

- GPS ئارقىلىق ھەقىقىي ۋاقىتتىكى ھەرىكەتلىرىنى خاتىرلەش.

- سۈرەتلەر، ھۆججەتلەر، شىفىرلانغان پاراڭلار (سىگنال قاتارلىق بىخەتەر دەپ قارالغان ئەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.)

- تېلېفون سۆھبەتلىرى ياكى مۇھىت ئاۋازلىرىنىڭ تولۇق ئاۋاز خاتىرىلىرى

بۇ ئۇچۇرلارنى خىتاي:

- شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلە ئەزالىرىنى قورقۇتۇش.

- چەت ئەلدىكى سىياسىي تەشكىلاتلارنى بۇزۇش.

- كېيىنچە يالغان ئۇچۇر ۋە ئالداش ھۇجۇملىرىنى قوزغاش

ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

ئۇنداقتا بىز بۇلارنىڭ ئالدىنى قانداق ئالىمىز؟

ئەمەلىي قەدەملەر

1. پەقەت ئىشەنچلىك ئەپ مەنبەلىرىنى ئىشلىتىش

- گۇگىل پىلېي ستور ۋە ئالما ئەپ ستوردىن باشقا يەردىن ئەپ قاچىلىماسلىق.
- تېلېگرام، سىگنال ياكى ۋاتسئاپتا ھەمبەھىرلەنگەن «apk» ھۆججەتلىرى ياكى ئۇلىنىشلارنى چۈشۈرۈشتىن، قاچىلاشتىن ساقلىنىش

2. ئەسۋابىڭىز ۋە ئەپلىرىڭىزنى يېڭىلاش

- بىخەتەرلىك ئۈچۈن ھەمىشە ئەڭ يېڭى يېڭىلانمىلارنى قاچىلاش.

3. ئەپ ئىجازەتلىرىنى تەكشۈرۈش. مەسىلەن نېمە ئۈچۈن بىر قۇرئان يۇمشاق دېتالىغا كامېرا ئىجازىتى كېرەك؟

4. ئىككى قەدەملىك تەستىقلاشنى قوزغىتىش.

- بولۇپمۇ ئېلېكترونلۇق خەت، سىگنال، ۋاتسئاپ، ئىجتىمائىي مېدىيا ئۈچۈن

5. پارول باشقۇرغۇچى + كۈچلۈك پاروللارنى ئىشلىتىش

6. گۇگىل ئالىي قوغداش پىروگراممىسىغا تىزىملىتىش

- https://landing.google.com/advancedprotection
- ئىشەنچ قىلالمىغان ئۇلىنىش ياكى ھۆججەتلەرنى ئاچماسلىق.

نېمىدىن ساقلىنىش كېرەك؟

- پەقەت ئۇيغۇر تىلىدا بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەپلەرنى ئورناتماسلىق
- مەنبەسىنى تەكشۈرمەي تۈرۈپ يوللانغان ھۆججەتلەر ياكى «ھەقسىز» ئىسلامىي ئەپلەرگە ئىشەنمەسلىك.
- ئالما ئەسۋاپلىرىنىڭ100% بىخەتەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەسلىك.

- سىرتتا تور ئىشلەتكەندە چوقۇم ۋىپىئېننى (VPN) ئىشلىتىپ تورغا چىقىش.

- ئىشلەتكەن ئەسۋاپلارغا ۋىرۇسقا قارشى يۇمشاق دېتاللارنى قاچىلاپ ئىشلىتىش.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى نېمە قىلىشى كېرەك؟

- سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكى ھەققىدىكى ئاڭنى ئۆستۈرىدىغان لېكسىيەلەرنى ئاڭلاش.

- دىئاسپورادا ئىچىدە تېخنىكىلىق مەسلىھەت بېرىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇش.

- سىتىزېن لاب، Access Now، NCSC قاتارلىق ھۆكۈمەتتىن مۇستەقىل تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىدە بولۇش، ئۇلارنىڭ دوكلاتلىرىدىكى مەزمۇنلاردىن خەۋەردار بولۇش.

- شارائىت بولسا ئۇيغۇرلار يېتەكچىلىكىدىكى، ئوچۇق كودلۇق، تەكشۈرۈلگەن، مىللىي بىخەتەر قوراللىرىنى قۇرۇش.

- بىرەيلەن ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، جەمئىيەتكە خەۋەر قىلىش.

**ئاخىرقى سۆز**

ئۇلار بىزنىڭ ئۆز تىلىمىز، ئېتىقادىمىز، مەدەنىيىتىمىزدىن پايدىلىنىپ بىزنى يىراقتىن كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئەمما بىز قايتۇرما زەربە بېرەلەيمىز، يەنى ئاگاھلىق، بىرلىك ۋە رەقەملىك چىداملىق بىلەن.

خىتاي رېجىمى ھەر قانداق نەرسىدىن بەكرەك بىر نەرسىدىن قورقىدۇ ئۇ بولسىمۇ: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىن بولۇشى ۋە ئۇيۇشۇشى، بىرلىكىنى ساقلىشى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يانچۇقلىرىمىزغا، تېلېفونلىرىمىزغا كىرىشكە ئۇرۇنىۋاتىدۇ.

ئۆزىمىزنى قوغدايلى. پەقەت سۆزلەر بىلەنلا ئەمەس، بەلكى شىفىرلانغان ئەپلەر، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش ئادەتلىرى ۋە ئورتاق سەگەكلىك بىلەن.

شۇندىلا بىز بىرلىكتە بىخەتەر، ئاقىلانە ۋە پەخىر ھالدا كۈرەشىمىزنى داۋاملاشتۇرالايمىز.



# ئەرزان قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارېيە تاختىسىنىڭ قاراڭغۇ تەرىپى: قۇل ئەمگىكى

كرستىن مدەپ

# ئەرزان قۇياش  ئېنېرگىيىلىك باتارېيە تاختىسىنىڭ قاراڭغۇ تەرىپى: قۇل ئەمگىكى

كرىستىن مىدەپ
(Christine Middap)

2025-يىلى 28-ئاپرېل ئاۋستىرالىيە نيۇ ساۋس ۋېلس (NSW) شتاتىنىڭ غەربىي-مەركىزىي قىسمىدىكى گۈزەل كولاھ (Coolah) رايونىدا  شەھەرنىڭ جەنۇبىدا قۇرۇلماقچى بولغان شامال ئېنېرگىيە باغچىسى توغرىسىدا يەرلىك ئاھالىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاش يىغىنى ئېچىلغان بولۇپ، بۇ يىغىندا سۆزلىگۈچى 30 كىشىنىڭ ئىچىدە ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر تەڭرىتاغ ئاياللار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى رامىلە چانىشېۋ خانىممۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ گەرچە بۇ شەھەردە يەر-زېمىنى ياكى بۇ رايون بىلەن ئالاھىدە باغلىنىشى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان مەسىلە يەنى بۇ شەھەردە ياسالماقچى بولغان شامال ئېنېرگىيە باغچىسىغا ئىشلىتىلىدىغان قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارېيە تاختىسى ۋە شامال تۇربىنىنىڭ مۇھىم زاپچاسلىرى ئۇيغۇر قۇل ئەمگىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

«مەن ئۇيغۇر جامائىتىگە ۋاكالىتەن سۆزلىمەكچىمەن» دەيدۇ رامىلە خانىم تېلېفون ئارقىلىق قاتناشقان بۇ يىغىندا سۆز باشلاپ: «قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارېيە تاختىسى ۋە توك ئىشلەپ چىقىرىدىغان شامال چاقپىلىكىنىڭ مۇھىم زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا تۆلىنىۋاتقان بەدەللەر، يەنى ئۇيغۇر قۇل ئەمگىكى توغرىسىدا سۆزلەيمەن.» ئەمەلىيەتتە رامىلە خانىمنىڭ بۇ توغرىدا سۆزلىشى تۇنجى قېتىملىق ئەمەس، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ باشقا بەش يىغىندا بۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

رامىلە چانىشېۋ خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھازىر خىتايلار «شىنجىياڭ» دەپ ئاتىۋالغان، شەرقىي تۈركىستاندا يەنى دەل ئاشۇ قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارېيە تاختىسى ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان زېمىندا تۇغۇلغان. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا ئاتا-ئانىسىغا ئەگىشىپ ئاۋستىرالىيەگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ گەرچە ئاۋستىرالىيەدە ئەركىن، بەختلىك ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھازىر خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ئانا يۇرتىدا زۇلۇم تارتىۋاتقان، قۇل ئورنىدا مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ ئۆز مىللىتىگە ئىگە چىقىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئېرقىي قىرغىنچىلىقىنى ھەر جايدا ئاڭلاتماقتا ۋە ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ

تاشلىماقتا. بۇ پىداكارلىقلىرى ئۈچۈن بەلكىم چوڭ بەدەللەرنى تۆلىشى، خىتايلارنىڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن قىساس ئېلىشىغا ئۇچرىشى، ھەمدە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتىغا مەڭگۈ قايتا ئاياق باسالماسلىقى مۇمكىن.

ئاۋسترالىيەگە ئەرزان باھادا كىرىۋاتقان، كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆگزىلىرى ياكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئورنىتىۋاتقان قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارېيە تاختىسى، راملىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئانا ۋەتىنىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمدە ئىشلەش بەدىلىگە كەلگەن. راملىنىڭ ئېيتىشىچە، زۇلۇم ۋە قۇللۇق تۈزۈم ئۈستىگە قۇرۇلغان كارخانا، زاۋۇتلارنى قوللىغانلىق ئىنسانىيلىققا ۋە ئەخلاققا ياتمايدۇ. بۇ پەقەت ئۇيغۇر دىئاسپورا جەمئىيىتى ياكى دۇنيادىكى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلە ئەمەس. گەرچە نۇرغۇن كارخانىلار ئاتالمىش «شىنجاڭ» دىن كىرگۈزىلىدىغان مەھسۇلاتلار يەنى قايتا ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيە، توكلۇق ماشىنا، كونسىرۋالىق پەمىدۇر ھەمدە پاختا مەھسۇلاتلىرىغىچە بولغان بارلىق ئىمپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنى ئېنىقلاپ، تازىلاشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا تەخمىنەن بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاتالمىش «قايتا تەربىيىلەش» ۋە «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» نامىدا قۇرۇلغان لاگىر ۋە تۈرمىلەرگە قامىلىپ قۇل ئىشچى قىلىنىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنماقتا. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى داۋاملىشىۋاتقان بۇنداق زۇلۇم ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى داۋاملىق رەت قىلىپ كەلمەكتە.

كىشىلەرنىڭ دىققىتى قايتا ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيە سانائىتىگە مەركەزلەشكەن ۋاقىتتا خىتاي پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلەپ، % 75 تىن كۆپرەك قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارېيە تاختىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋە باتارېيە تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلىمەكتە. مۆلچەرلىنىشىچە، پۈتۈن دۇنيادىكى قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارېيە تاختىسى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كېتىدىغان كۋارتسنىڭ تەخمىنەن % 35 ئى شەرقىي تۈركىستاندىن كېلىدىكەن. ياۋروپا قايتا قۇرۇش ۋە تەرەققىيات بانكىسىنىڭ دېيىشىچە، بۇ رايوندىن چىقىدىغان شامال تۇربىنى ۋە ئۈلارنىڭ زاپچاسلىرى ناھايىتى مول ئىكەن.

ئاۋسترالىيەدە ئىشلىتىلىۋاتقان قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارېيە تاختىسىنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكى خىتايدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان بولۇپ، بۇنداق ھەددىدىن زىيادە خىتايغا بېقىنىپ قېلىش، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكى ۋە قۇللۇق تۈزۈمگە كۆز يۇمۇش ئەندىشىسىنى پەيدا قىلماقتا. فېدېرال ھۆكۈمەت يەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىشقا نەچچە مىليارد دوللار مەبلەغ سالغان، ھەرقايسى كەسپىي كارخانىلارمۇ تەمىنلەش زەنجىرلىرىنىڭ زامانىۋى قۇللۇقنى قوللىماسلىققا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىق توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، راملىنىڭ دېيىشىچە، بۇ جەھەتتە كىشىنى قايىل

قىلغىدەك نەتىجە تېخى كۆرۈلگىنى يوق. «ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى تەمىنلەش زەنجىرىنى ئېنىقلاشقا تازا قىزىقمايۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ» دەيدۇ ئۇ. «بىز ھەرقايسى شىركەتلەرنىڭ بۇ جەھەتتە دادىل بىر قەدەم ئېلىشىنى كۈتكەن بولساقمۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇلار خىتايدىن ئىبارەت ئەڭ ئەرزان تەمىنلىگۈچىدىن مال سېتىۋېلىشنى تاللاۋاتىدۇ.

2023-يىلىنىڭ ئاخىرىدا پاكىز ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشى بىلەن نيۇ ساۋس ۋېلىس (NSW) شتاتىنىڭ قۇللۇققا قارشى تۇرۇش كومىسسارى جەيمس كوكەين (James Cockayne) بىرلىكتە ئاۋستىرالىيەدە تۇنجى بولۇپ قايتا ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيە تەمىنلەش زەنجىرىدىكى قۇللۇق تۈزۈم خەۋپىنى تىزگىنلەشنىڭ قانۇنىنى تۈزۈپ چىققان ئىدى. جەيمس ئېنىق قىلىپ «زامانىۋى قۇللۇق تۈزۈمى دې كاربونلىششىنىڭ بەدىلىگە كەلمەسلىكى كېرەك» دېدى. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ قانۇنلار 2024-يىلى 3-ئايدا ئېلان قىلىنماقچى ئىدى، بىراق ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىدى. شىركەت-كارخانىلار ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھەمكارلىشىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ ئوچۇق-ئاشكارە بولماسلىق، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى كەمچىل بولۇش ۋە ئىجرا قىلىش كۈچى بولماسلىق قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت.

كېڭەشنىڭ باش سىياسىي خادىمى ئاررون ۋۇد (Arron Wood) مۇنداق دەيدۇ: «تەمىنلەش زەنجىرلىرىدىكى زامانىۋى قۇللۇق مەسىلىسى گەرچە بىزنىڭ شىركەت-كارخانىلارغىلا خاس ئىش بولمىسىمۇ، ئەمما ئاۋستىرالىيەنىڭ پاكىز ئېنېرگىيە سانائىتى بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ ۋە ھەل قىلىشقا بەل باغلىغان».

جەيمس 2023-يىلدىكى بىر دوكلاتتا لىتىيونلۇق باتارېيە،قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارېيە تاختىسى ۋە شامال تۇربىنى ئىشلەپچىقىرىشتا زامانىۋى قۇللۇق تۈزۈم خەۋپىنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى ھەققىدە دەلىللەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. بولۇپمۇ قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارېيە تاختىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كېتىدىغان پولىسىلىكوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھىم ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن كەلتۈرۈلىدىغانلىقى ھەمدە ئۇ يەردە دۆلەت قوللىغان مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن دەلىللەرنىڭ بارلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. جەيمسنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئىسپاتلار قايتا ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردە ئېنىقسىزلىق پەيدا قىلىپ، ئاساسلىق ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشى ياكى كېچىكتۈرۈشى، تەننەرخنى ئاشۇرۇۋېتىشى ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ياكى سۇغۇرتىغا ئېرىشىشنى چەكلەپ قويۇشى مۇمكىن ئىكەن.

ئۆتكەن ھەپتە، ئەنگلىيە ئېنېرگىيە ئىشلىرى مىنىستىرى ئېد مىلىباند (Ed Miliband) دۆلەت ئېنېرگىيە شىركىتى (GB Energy) نىڭ خىتايدىكى قۇل ئەمگىكى بىلەن چىتىشلىقى بار بولغان قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارېيە سېتىۋېلىشنى چەكلەش پىلانىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، تەنقىدچىلەر بۇ ھەرىكەت دۆلەتنىڭ زەھەرلىك ماددىلارنى قويۇپ بېرىشنى چەكلەش نىشانىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن دەپ قارىماقتا.

پاكىز ئېنېرگىيە كارخانىلىرىمۇ يامان ئاتاقتا قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. «ئاۋستىرالىيىلىك» (The Australian) تور بېتىنىڭ يېقىندا ئاشكارىلىشىچە ئەمگەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىلىمات خەير-ساخاۋەت ئورگىنىنىڭ «ئەقلىي ئېنېرگىيە كېڭىشى» قۇل ئەمگىكى ئىشلەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئامېرىكادا قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم ئېنېرگىيە شىركەتلىرىدىن نەچچە مىڭ دوللار مەبلەغ تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئامېرىكادا 2021-يىلى يولغا قويۇلغان «ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» دا 144 خىتاي شىركىتى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن. ئاۋستىرالىيەمۇ 2021-يىلى «ئىمپورت قانۇنىنى كۈچەيتىش پىلانى» نى ماقۇللىغان بولسىمۇ ئەمما ئاۋام پالاتاسىدا توختاپ قالغانچە قايتا كۆنتەرتىپكە قويۇلمىغان.

كۇلاھتىكى ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا، كومىسسار پېرسون (Pearson) شامال ئېنېرگىيە باغچىسىنى پىلانلىغۇچىلاردىن كېرەكلىك ماتېرىياللارنىڭ مەجبۇرى ئەمگەككە چېتىلىپ قالماسلىقىغا قانداق كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا باغچا تەرەققىياتى مۇدىرى مېگان رىچاردسون (Megan Richardson) ئۆزلىرىنىڭ زامانىۋى قۇللۇققا تاقابىل تۇرۇش ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پاكىز ئېنېرگىيە كېڭەشنىڭ زامانىۋى قۇللۇققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىگە ئىمزا قويدۇق، بۇ بىزنىڭ كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىششىقا ۋەدە بەرگەنلىكىمىزنى بىلدۈرىدۇ» دەيدۇ. رامىلە خانىمنىڭ دېيىشىچە، مەسىلە شۇكى، شىركەتلەر شەرقىي تۈركىستانغا ئەركىن-ئازادە بېرىپ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتلىرىنى ۋە ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالىنى دەلىللىيەلمەيدۇ ياكى تەمىنلىگۈچىلەرنى مۇستەقىل تەكشۈرەلمەيدۇ. «شىركەت ۋە كارخانىلار ھەي، بۇ ھەم مۇرەككەپ ھەم قىيىن ئەھۋال، بىز ئۇ يەرگە بارالمايمىز، ئەمما تەمىنلىگۈچىلەر بىزگە ھەممە ئىشلارنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، شۇڭا بىز ئۇلارغا ئىشىنىمىز، دەيدىغان باھانە-سەۋەبلەر بىلەن چوڭقۇر تەكشۈرۈشتىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن» دەيدۇ.

بۇ جەرياندا، ئۆگزىلىرىگە قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارېيە تاختىسى ئورنىتىشنى ئويلىشىۋاتقان ئىستېمالچىلار ئارىسالدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار زادى قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇلار كۆپلەپ ئۇچۇرلارغا ئىگە بولۇشى، باشقا تاللاش يوللىرىنى ئىزدىشى، سېتىۋالىدىغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەلۇم بىر كىشىنىڭ

ھاياتىغا، تۇرمۇشىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكىگە ياكى پۈتكۈل بىر جەمئىيەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك» دەيدۇ رامىلە خانىم تەكىتلەپ.

**ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى**

**مەنبە:**

https://www.theaustralian.com.au/nation/think-of-the-human-cost-the-woman-challenging-clean-power-revolution/news-story/105072eff2c38366c0aa14d9c7b991f9

# ئامېرىكا مەكتەپلىرىدىكى خىتاي جاسۇسلار



ئۇيغۇر كۆكئارت

# ئامېرىكا مەكتەپلىرىدىكى خىتاي جاسۇسلار

**ئۇيغۇر كۆكئارت**

2025 ـ يىلى 28 ـ مارت، ئامېرىكا فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى ئىندىئانا شىتاتىنىڭ بلۇمىڭتون ۋە كارمېلدا داڭلىق تور بىخەتەرلىك مۇتەخەسسىسى ، ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسورى ۋاڭ شياۋفېڭغا تەۋە ئىككى ئۆينى ئاختۇرغان. فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى بۇ ئاختۇرۇشقا سوتنىڭ ھوقۇق بەرگەنلىكىنى دەلىللىگەن بولسىمۇ، ئەمما سەۋەبى توغرىسىدا ھېچقانداق تەپسىلات بەرمىگەن. شۇ كۈنى ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋاڭ شياۋفېڭنى ئىشتىن بوشاتقان، ئۇنىڭ كۇتۇپخانا خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەيدىغان ئايالى ما نيەنلى ھەم ئىشتىن بوشىتىلغان. ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ۋاڭ ۋە ما ئەر-ئايالنىڭ ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى توربېكىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ۋاڭ شياۋفېڭ خىتايدىن يوشۇرۇن تەتقىقات مەبلىغى قوبۇل قىلىش ۋە تەتقىقاتتا خىتاي بىلەن نامۇۋاپىق ھەمكارلىشىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئەخلاقسىزلىق بىلەن ئەيىبلەنگەن. ئۇنىۋېرسىتېت ۋاڭ شياۋفېڭنى سىنگاپور ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىزمەت تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىشتىن بوشاتقانلىقىنى ئېيتقان. FBI ياكى ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ ۋاڭ شياۋفېڭغا مۇناسىۋەتلىك كونكرېت ئەيىبلەشلەرنى ئاشكارىلىمىغان.

2025 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ، ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر ئىلمى فاكۇلتېتىنىڭ بىر قىسىم خىزمەتچىلىرى مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ راھۇل شىرىۋاستاۋاغا خەت يېزىپ تور بىخەتەرلىكى مۇتەخەسسىسى پروفېسسور ۋاڭ شياۋفېڭنىڭ ئىشتىن بوشىتىلغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن. ۋاڭ شياۋفېڭ 2025 ـ يىلى 28 ـ مارت ئىشتىن بوشىتىلغانلىقى ۋە ئامېرىكا فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ۋاڭ شياۋفېڭنىڭ بلۇمىڭتون ۋە كارمېلدىكى ئىككى ئۆيىنى ئاختۇرغانلىقى خىتاي ۋە ئاسىيا نەسىللىك خىزمەتچىلەرنىڭ ئەندىشىسىنى قوزغىۋەتكەن.

گەرچە ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى دائىرىلىرى بۇ ۋەقەنىڭ كەينىدىكى ھەقىقى ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلىمىغان بولسىمۇ ئەمما پاكىتلار ۋاڭ شياۋفېڭنىڭ خىتايغا ئىشلەيدىغان جاسۇس بولغانلىقى ئۈچۈن قولغا

ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا. ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر بىر يەرگە جەم بولغان خەلقئارالىق داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، بۇ مەكتەپ ئۇيغۇر تىلى ۋە تەتقىقاتى جەھەتتىمۇ ئامېرىكادا ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. ھالبۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىتاينىڭ تەسىرى بارغانسېرى كۈچەيگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەرگە ئائىت پائالىيەتلەر چەكلىمىگە ئۇچراشقا باشلىغان. بلۇمىڭتون شەھرىدە ياشايدىغان، ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان بىر ئۇيغۇر پائالىيەتچىنىڭ ئۇچۇرىغا قارىغاندا، ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى يىللاردىن بۇيان خىتاي ئوقۇغۇچىلار ئېلىپ كېلىدىغان ئىقتىسادى مەنپەئەتنى دەپ خىتايلارنىڭ قىلمىشلىرىغا كۆز يۇمۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇ يىل ھەتتا نورۇز پائالىيىتىدە تاماقنى ئۇيغۇر رېستورانىدىن ئەمەس تىبەت رېستورادىن زاكاس قىلغان. ئەمەلىيەتتە ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا خىتاي ئىشپىيونلۇقىغا قارشى تەكشۈرۈش ھەرىكەتلىرى كۈچىيىپ ۋاڭ شياۋفېڭ دېلوسى مەيدانغا چىققاندا مەكتەپ دائىرىلىرى مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ، ئىشنى ئالدىراپ يىغىشتۇرماقچى بولغان.

ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋاڭ شياۋفېڭنىڭ جاسۇسلۇق دېلوسى خىتاينىڭ ئامېرىكادىكى ئىشپىيونلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ پەقەت كىچىككىنە مىسالى بولۇپ، ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى يۈزمىڭلىغان خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك خىتاينىڭ يوشۇرۇن جاسۇسلىرى بولۇش ئېھتىمالى بار. ئامېرىكا مەكتەپلىرىدىكى خىتاينىڭ ئۆز ئالدىغا خىتاي ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىقى ھەممىگە ئاشكارا ئىش بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلارنى خىتاي ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسى ئارقىلىق تىزگىنلەپ، يېتەكلەپ تۇرىدۇ. ئامېرىكا مەكتەپلىرىدە خىزمەت قىلىۋاتقان خىتايلار ئىچىدىمۇ ۋاڭ شياۋفېڭغا ئوخشاش جاسۇسلار داۋاملىق چىقىپ تۇرىۋاتىدۇ. ترامپ ھۆكۈمىتى يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئامېرىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋېتىپ ئامېرىكاغا قارشى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا قاتتىق تەدبىرلەرنى يولغا قويغان بولۇپ، بەزى ئوقۇغۇچىلار يېشىل كارتى بولۇشىغا قارىماي چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلغان. ترامپ ھۆكۈمىتى چوقۇم ئامېرىكانىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ تۇرۇپ ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان خىتاي ئوقۇغۇچىلار ۋە خىتاي خىزمەتچىلەرگە بولغان دىققەتنى كۈچەيتىشى زۆرۈر.

يېقىندا ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئالاھىدە كومىتېتى رەئىسى جون مولىنار (John Moolenaar) ئامېرىكادىكى ھەرقايسى داڭلىق ئالى مەكتەپلەرگە مەكتۇپ يوللاپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانى بىلەن ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك تەتقىقات پروگراممىلىرىغا كىرىۋېلىپ سەزگۈر تەتقىقات ئۇچۇرلىرى ۋە ئالاھىدە تېخنىكىلارنى خىتايغا يەتكۈزىۋاتقان خىتاي ئوقۇغۇچى ۋە تەتقىقاتچىلاردىن ئاگاھلاندۇرغان. جون مولىنار ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىنى كۆز ئالدىدىكى ئىقتىسادى مەنپەئەتنى دەپ ئامېرىكانىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك دۇنياۋى

تېخنىكا يېتەكچىلىكى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىنى خەتەرگە ئىتتىسۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. جون مولىنار يەنە ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ خىتاي ئىشپىيونلىرى ئۈچۈن يۇمشاق نىشان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى، خىتايغا بېرىلىۋاتقان ئوقۇغۇچى ۋە تەتقىقاتچىلار ۋىزىلىرى خىتاينىڭ تروپا ئاتلىرى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى جىددىي ئاگاھلاندۇرغان. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئەمەلىيەتتە ئۆزىمۇ سەزمەستىن خىتاينىڭ تېخنىكا ۋە ھەربىي جەھەتتىن يۈكسىلىشى ئۈچۈن قوشۇن يېتىشتۈرىدىغان فىرما بولۇپ كەلگەن.

ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ جۇمھۇرىيەتچى ئەزاسى رايلېي مور (Riley Moore) 3-ئاينىڭ 14-كۈنى «خىتاي كومپارتىيىسى ۋىزا توختىتىش» (Stop CCP Visas Act) ناملىق بىر قانۇن لايىھىسى تونۇشتۇرغان بولۇپ، بۇ لايىھەدە پارلامېنت ئەزاسى مور خىتايلارنىڭ ئوقۇغۇچى ۋىزىسى ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش ۋىزىسىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان. پارلامېنت ئەزاسى مور ئامېرىكادىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلارنى خىتاينىڭ جاسۇسلىرى دەپ ئاتىغان.



# نامراتلىقتا چوڭ بولغانلاردىكى يەتتە ئالاھىدىلىك

ئولىۋىيا رىيد

# پسخولوگلارنىڭ قارىشىچە نامراتلىقتا چوڭ بولغانلاردىكى يەتتە ئالاھىدىلىك

ئولىۋىيا رىيد
(Olivia Reid)

پسىخولوگىيە ئىلمى ئىنسانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنىڭ قورامىغا يەتكەندىن كېيىنكى مىجەز-خۇلقىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا چوڭقۇر ئىزدەنمەكتە، ھەمدە نامراتلىقتا چوڭ بولغانلارنىڭ مىجەز-خۇلقىغا كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك تەسىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئانچە باياشات بولمىغان شارائىتتا چوڭ بولغان كىشىلەردە كىچىكىدىن شەكىللەنگەن بەزى ئالاھىدىلىكلەر قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدىكەن. بۇ قېلىپلاشتۇرۇش ياكى پەرەز قىلىش بولماستىن، بەلكى بالىلىق ۋاقتىتىكى كەچۈرمىشلەرنىڭ بىر ئىنساننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتىكى كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق تېما.

ئۇنداقتا بىز بىرلىكتە ئىزدىنىپ باقايلى. پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، بۇ يەتتە خىل مىجەز-خاراكتېرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى نامراتلىقتا چوڭ بولغان كىشىلەر ئىكەن.

1. ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ھەرقانداق نەرسىدىن بەكرەك قەدىرلەش

نامراتلىقتا چوڭ بولغانلارنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئىشلارغا نىسبەتەن ھەمىشە ئۆزگىچە كۆز-قارىشى يېتىلگەن بولىدۇ. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئىچىدە چوڭ بولغان كىشىلەر ماددىي جەھەتتىكى بايلىققا قارىغاندا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ماددىي جەھەتتىكى بايلىقلار گاھىدا بار، گاھىدا يوق بولسا، ئەمما ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلار، ئەسلىمىلەرلا ھەقىقىي تۈردە مەڭگۈ ئۆزىگە ھەمرا بولۇپ ساقلىنىپ قالىدىكەن. بۇ ھەرگىزمۇ قايغۇلۇق ياكى پاسسىپ ئىش بولماستىن، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئېسىل خىسلەت. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار چۈشىنىپ يەتكەندەك «تۇرمۇشتا ئەڭ قەدىرلىنىدىغان نەرسە ماددىي جەھەتتىكى بايلىق ئەمەس». ئۇ ئىنسانلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى بىلەن نېمىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چۈشىنىشى ھەمدە تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك دەقىقىلەرنىڭ ھەمىشە بايلىق بىلەن ئۆلچەنمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشىگە باغلىق. شۇڭا، مۇبادا سىز بىرەرسىنىڭ

مادى جەھەتتىكى بايلىقتا قارىغاندا ئەمەلىي تەجرىبىنى تاللىغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تەجرىبىسىدىن كەلگەنلىكىنى ئىسىمىزدە تۇتۇڭ.

2. بايلىقتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش

غورىگۇل تۇرمۇش ئىچىدە چوڭ بولغانلار ئىجادچانلىق ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بۇ ھەر بىر سېنتنى ئىنچىكە ھېسابلاپ خەجلەش، كونا نەرسىلەرنى ئاسانلا تاشلىۋەتمەستىن، ئۈنىڭدىن قايتا ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ھەمدە ھازىرقى بار بولغان نەرسىلەردىن تولۇق پايدىلىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۇلارنىڭ ئىسراپچىلىق قىلىشىغا يول قويمايدۇ.

بىر يىلى قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق بىر كېچىسى بىزنىڭ ئۆيىنى ئىسسىتىدىغان پار بۇزۇلۇپ قالغان ئىدى، كەسپىي رېمونتچى تەكلىپ قىلىشقا قۇربىمىز يەتمىگەچكە، بىز قەۋەت-قەۋەت قېلىن كىيىملەرنى كىيىپ، بوتۇلكىلارغا ئىسسىق سۇ قاچىلاپ ئىسسىنىپ ئۇ كېچىنى ئۆتكۈزگەن ئىدۇق. گەرچە شۇ ئۇ ۋاقىتلار بەكلا جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى كەچۈرمىشلەر ماڭا قەيسەر بولۇشنى ۋە ئىجادچان بولۇشنى ئۆگەتتى. ئەگەر سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىز باي بولسىلا ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۇردى. مەن كىچىكىمدىن يېتىلدۈرگەن ئەتراپىمدىكى ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىم چوڭ بولغاندىن كېيىن ماڭا نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. مەيلى كەسپىي ھاياتىمدا ياكى شەخسىي ھاياتىمدا بولسۇن، ئازراقلا ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئىجادچانلىق بىلەن ھەل قىلىش مېنىڭ قىممەتلىك ماھارىتىمگە ئايلاندى. نامراتلىقتا چوڭ بولغان نۇرغۇن كىشىلەر تۇرمۇشنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن بۇ خىل ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەن بولىدۇ، ھەمدە بۇ خىل ئىقتىدار ئۇلارغا ئۆمۈر بويى ھەمرا بولىدۇ.

3. ھېسداشلىقى كۈچلۈك بولۇش

پسىخولوگىيىلىك تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەردە چوڭ بولغانلارنىڭ ھېسداشلىق تۇيغۇسى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدىكەن. بۇ خىل مىجەز بەلكىم ئۇلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ياكى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن جاپا-مۇشەققەتلەردىن ھاسىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكى ياكى باشقىلارنىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەندە ئۇلارنى چۈشىنىشكە تىرىشىش ۋە باشقىلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىش كەيپىياتىدا بولىدۇ. تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، ئەمەلىيەتتە تۆۋەن كىرىملىك كىشىلەر بايلارغا قارىغاندا باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا تېخىمۇ بەكرەك سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن. بۇ خىل ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارى قۇرامىغا

يەتكەندىن كېيىن كۆپ خىل شەكىلدە نامايەن بولىدۇ، مەسىلەن، كۆيۈمچان دوست ياكى ھەمراھقا ئايلىنىشتىن تارتىپ تاكى باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان كەسپنى تاللاش دېگەندەك. مانا بۇ قىيىنچىلىقتا چوڭ بولغان كەچۈرمىشلەردىن ھاسىل بولغان قەيسەرلىك خاراكتېرنىڭ كۈچلۈك نامايەندىسىدۇر.

4. خىزمەت ئەخلاقى كۈچلۈك بولۇش

غورىگۇل ئائىلىلەردە چوڭ بولغان كىشىلەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئۇلار كۈچلۈك خىزمەت ئەخلاقىنى يېتىلدۈرگەن بولىدۇ. كىچىكىدىن تارتىپلا پۇلنىڭ قەدرىگە يېتىپ چوڭ بولغاچقا ھەمىشە ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ ۋە ئىرادىسى قەتئىي بولىدۇ. ئۇلار جاپالىق ئىشلەشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھالقىلىق ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ باي ئائىلىدە چوڭ بولغانلار تىرىشىپ ئىشلىمەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئەمما ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈپ چوڭ بولغانلار ئۆزىدە ھەمىشە باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە قەتئىيلىكنى يېتىلدۈرگەن بولىدۇ. بۇ خىل ھارماي-تالماي ئىشلەش ئەخلاقى قىيىنچىلىقنى يېڭىش ۋە قۇرامىغا يەتكەندە شەخسىي ۋە كەسپىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك قورالى بولالايدۇ. شۇنداقلا ئاشۇ بالدۇرلا ئىقتىسادىي خىرىسقا دۇچ كەلگەنلەردە ئىپادىلەنگەن قەيسەرلىك ۋە كۈچلۈكلۈكتە ئىسپاتلانغان.

5. كىچىككىنە ئىشلاردىنمۇ خۇشاللىق تېپىش

كىچىكىمدە ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەشەمەتلىك ساياھەتلەرنى قىلىشقا ياكى قىممەت ئويۇنچۇقلارنى سېتىۋېلىشقا يار بەرمەيتتى، ئەمما بىز ئەڭ ئادەتتىكى ئىشلاردىن خۇشاللىق تېپىشنى بىلەتتۇق. مەسىلەن، تۇغۇلغان كۈنلەردە ئۆز قولىمىز بىلەن تورت ياساش، ئارقا ھويلىمىزدا توپ تاشلاش ئويۇنى ئويناش ياكى ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە باغچىدا سەيلە قىلىش دېگەندەك ئىشلار بىزنىڭ ئالاھىدە پەيتلىرىمىز ئىدى. بۇ خىل ھېسسىيات مەن چوڭ بولغانسېرى قەلبىمدە تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، مەن ئاددىي ئىشلارغىمۇ رەھمەت ئېيتىشنى، كىچىككىنە خۇشاللىقتىن ھوزۇرلىنىشنى ئۆگەندىم. ياخشى كىتاب، بىر ئىستاكان قەھۋە، بىرەر دوستۇم بىلەن كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىش قاتارلىقلار ھازىر مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن مۇھىم بىلىنىدۇ. نامراتچىلىقتا چوڭ بولغان نۇرغۇن كىشىلەر ئەڭ ئاددىي ئىشلاردىن خۇشاللىق تاپالايدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىغان بولىدۇ. بۇ بىر گۈزەل خىسلەت، ئۇ بىزگە تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي مۇھىم ئىشلارنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ.

6. چىدامچانلىقى كۈچلۈك بولۇش

نامراتلىقتا چوڭ بولغانلارنىڭ يەنە بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى چىدامچانلىق. ياش چاغلاردا جاپا-مۇشەققەتكە ۋە كېلىشمەسلىككە بەرداشلىق بېرىش تەسكە توختايدۇ، ئەمما ئۇ ئىچكى كۈچلۈكلىكنى ۋە قىيىن ئەھۋاللاردىن بۆسۈپ ئۆتۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇ خىل چىدامچانلىق پەقەتلا جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئۆتۈپ كېتىش بولماستىن بەلكى، قىيىنچىلىق ئىچىدە پىشىپ-تاۋلىنىش، ئوڭۇشسىزلىقلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ئۆلارنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدىكى تاشقا ئايلاندۇرۇش. قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، بۇ خىل چىدامچانلىق تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا قىلچە ھودۇقماي، مەردانە يۈزلىنىشتە نامايان بولۇپ، ئۇلارنى ھەر قانداق رىقابەتنى يېڭەلەيدىغان كۈچلۈك شەخسكە ئايلاندۇرىدۇ.

7. مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىش

نامراتلىقتا چوڭ بولغان كىشىلەر مائارىپقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار مائارىپنىڭ ھەرقانداق چوڭ ئىشىكلەرنى ئاچالايدىغان ۋە ئېرىشمەكچى بولغان ھەرقانداق پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدىغان كۈچلۈك قورال ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر مائارىپنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشىكىنىڭ بېلىتى، دەۋرىيلىكنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش پۇرسىتى دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان بۇنداق چوڭقۇر ھەۋىسى ھەمىشە بىلىم بىلەن شەخسىي ئۆسۈپ يېتىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ بىلىم ئېلىش ۋە يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتى ئىزدەيدىغانلىقىنى بايقايسىز، مانا بۇ ئۇلارنىڭ چىدامچانلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىرادىسىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

مەنبە:

https://geediting.com/psychology-says-people-who-grew-up-poor-often-display-these-7-behaviors-as-adults/



# ئۇيغۇر جۇغراپىيىسىگە بىۋاسىتە چېگرىداش خوشنا جەنۇبىي ئاسىيانىڭ «بالقانى» كەشمىردە نېمىشلار بولۇۋاتىدۇ؟

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ئۇيغۇر جۇغراپىيىسىگە بىۋاستە چېگرىداش خوشنا جەنۇبىي ئاسىيانىڭ «بالقانى» كەشمىردە نېمىشلار بولۇۋاتىدۇ؟

**هاجى ئەكبەر مۇھەممەتنىياز**

ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبى بىلەن بىۋاستە چېگرالىنىدىغان سىرلىق ۋە ئەنسىز كەشمىر ۋىلايىتى جەنۇبىي ئاسىيادىكى «پوروخ پىلىكى» بولۇپ، ئاسىيادىكى «بالقان» دەپ ئاتىلىدۇ. بالقان يېرىم ئارىلى 1914 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇندىكى سارايېۋو ۋەقەسى سەۋەبلىك پۈتۈن ياۋروپا ئەللىرىنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا سۆرەپ كىرگەن ئىدى. كەشمىرمۇ پۈتۈن جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى، خىتاي ۋە باشقا رايون خاراكتېرلىق چوڭ كۈچلەرنى بىر مەيدان ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىدىغان تىلسىمات جاي ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئىككى دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى قاتتىق ئىلگىرى سۈرىدىغان مەزكۇر رايوندا يەرلىك مۇسۇلمانلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلماقتا. بىر پۈتۈن كەشمىر 1948 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن بۆلۈپ باشقۇرۇلماقتا. ھازىرقى ھىندىستاننىڭ كونتروللۇقىدىكى كەشمىردە 1989 ـ يىلدىن بۇيان يا مۇستەقىللىق ياكى پاكىستان بىلەن بىرلىشىش تەلىپىدىكى تۈرلۈك ئىسيانلار داۋاملاشماقتا. ھىندىستان بۇ ئىسيانلارنىڭ پەردە ئارقىسىدا پاكىستاندىكى تۈرلۈك دىنىي ۋە سىياسىي قوراللىق گۇرۇپپىلار بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

مىلادىيە 2025 ـ يىلى 22 ـ ئاپرېل سەيشەنبە كۈنى ھىندىستان ئەمەلىي تىزگىنلەپ تۇرغان جاممۇ كەشمىرنىڭ پاھالگام جىلغىسىدىكى بەيساران ساياھەت رايونىدا يۈزبەرگەن تېررورلۇق ھۇجۇمىدا 24 ھىندىستانلىق يەرلىك ساياھەتچى، بىر خىرىستىئان ۋە بىر مۇسۇلمان ساياھەت يېتەكچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 26 نەپەر ئادەم قازا قىلىپ، پۈتۈن ھىندىستاننى قاتتىق زىلزىلىگە سالدى. دەسلەپتە، بۇ ھۇجۇمنى كىمنىڭ سادىر قىلغانلىقى تېخى جەزىملەشمەي تۇرۇپلا، ھىندىستان باش مىنىستىرى مودىي ناھايىتى قاتتىق بىر بايانات ئېلان قىلىپ، پاكىستاننى بۇ قېتىمقى چوڭ تېرروزلۇق ھۇجۇمنىڭ

پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىسى دەپ ئەيىپلىگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇ ئىككى يادرو قورالىغا ئىگە رەقىپ خوشنىلار ئارىسىدا بىر مەيدان چوڭ ئۇرۇش پارتلاش ئېھتىماللىقى كۈچىيىپ كەتتى.

ھىندىستان باش مىنىستىرى نارېندرا مودى ھىندىستان ساقچىلىرى قېچىپ كەتكەن ئۈچ ھۇجۇمچىدىن ئىككىسىنىڭ پاكىستانلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، داڭلىق ساياھەت رايونى پاھالگامدا 26 يۇقرانى ئۆلتۈرگەن قوراللىق ھۇجۇمچىلارنى قوغلاپ تۇتۇش توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. مودى 22 ـ ئاپرېل سەيشەنبە كۈنى ھىمالايا رايونىدا يۈز بەرگەن ھۇجۇمدىن كېيىن بەرگەن تۇنجى باياناتىدا مۇنداق دېدى : «بۈگۈن پۈتكۈل جاھانغا شۇنداق نىدا قىلىمەنكى، ھىندىستان ھەربىر تېرروررچىنى ۋە ئۇنى قوللىغۇچىلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ، قولغا چۈشۈرۈپ تېگىشلىك جازاغا تارتىدۇ».

مودىنىڭ باياناتىدىن كېيىنلا ھىندىستان دۆلەت خەۋپسىزلىك كۈچلىرى پاھالگام ھۇجۇمچىلىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن كەشمىردە كەڭ كۆلەمدە ئاختۇرۇش ـ تۇتۇش ھەرىكىتىنى باشلىدى، نەتىجىدە، مەزكۇر قوراللىق ھۇجۇمدىن بۇيانقى 72 سائەت ئىچىدىلا ھىندىستاننىڭ كونتروللۇقىدىكى جامۇ كەشمىردە 1500 دىن ئارتۇق يەرلىك كىشى تۇتۇپ كېتىلدى.

مەزكۇر ھۇجۇم بىلەن مۇناسىۋەتىنىڭ بارلىقىنى قەتئىي رەت قىلغان ئىسلامئاباد، پاكىستاننى پاھالگام ھۇجۇمى بىلەن چېتىشلىقى بار دەپ كۆرسىتىش ئورۇنۇشىنى بىمەنىلىك دەپ ئاتىدى ۋە ھىندىستاننىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىگە جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پاكىستان باش مىنىستىرى شاھباز شېرىفنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىكتە چاقىرغان دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتى يىغىنىدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان باياناتتا مۇنداق دېيىلدى :« پاكىستاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نىشان قىلغان ھەرقانداق شەكىلدىكى تەھدىتلەرگە ھەر جەھەتتىن تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرۇلىدۇ».

24 ـ ئاپرېل پەيشەنبە كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باياناتچىسى ستېفان دۇجاررىچ نيۇ يوركتا ئۆتكۈزگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەرنىڭ «سالماقلىق ۋە ئۆزئارا ئىشەنچ ـ ھۆرمەت ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشى كېرەكلىكى» نى ئەسكەرتىپ مۇنداق دېدى: «ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە سوغۇققان بولۇشقا ۋە ۋەزىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتمەسلىككە چاقىرىۋاتىمىز».

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى تاممى برۇسې، پرېزىدېنت دونالد ترامپنىڭ ھەر ۋاقىت ھىندىستاننى كۈچلۈك قوللايدىغانلىقىنى ۋە ھەرقانداق شەكىلدىكى تېررورلۇق ھۇجۇملىرىنى ئەيىبلەيدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «پرېزىدېنت ترامپ ۋە مىنىستىر رۇبىيونىڭ بۇ مەسىلىگە قارىتا پوزىتسىيەسى ناھايىتى ئېنىقتۇر. ئامېرىكا ھىندىستاننى قوللايدۇ ۋە ھەرقانداق شەكىلدىكى تېررورلۇق ھۇجۇملىرىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ھۇجۇمدا ھاياتىدىن ئايرىلغانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتىمىز ۋە يارىلانغانلارنىڭ تېزراق ساقىيىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئالاقىدار تەرەپلەرنى بۇ قورقۇنچلۇق ھۇجۇمنىڭ جاۋابكارلىرىنى ئادالەتكە تاپشۇرۇش ئېرىشكە چاقىرىمىز».

بروۇسې پاكىستان بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيچىلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ دىپلوماتىك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ ـ ئىشلەتمىگەنلىكى توغرىسىدىكى سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «بۇ تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىۋاتقان بىر ئەھۋالدۇر، سىلەرگىمۇ ئايان بولغىنىدەك، بىز بۇ ئەھۋالنى يېقىندىن كۆزىتىۋاتىمىز. ھازىرچە جاممۇ كەشمىر ياكى ئازات كەشمىر رايونلىرىنىڭ قانۇنىي ئورنى ھەققىدە پوزىتسىيە بىلدۈرمەيمىز. مېنىڭ بۈگۈن ئېيتىدىغانلىرىم مۇشۇنچىلىك، خالاس!».

ھىندىستان باشقۇرۇۋاتقان كۆپ سانلىقنى مۇسۇلمانلار تەشكىل قىلىدىغان جاممۇ كەشمىردە قوراللىق كىشىلەرنىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى پۇقرالارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئەڭ چوڭ ھۇجۇمىدىن كېيىن، يېڭى دېھلىنىڭ پاكىستاننى «چېگرا ھالقىغان تېررورلۇق» نى قوللىدى دەپ ئەيىبلىشى سەۋەبىدىن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى داۋالغۇپ تۇرغان نازۇك ۋە جىددىي خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت يەنە قايتىدىن كەسكىنلىشىپ كەتتى. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ 25 ـ ئاپرېل جۈمە كۈنى ئېلان قىلغان باياناتىدا بىلدۈرۈشىچە، كەشمىردە يۈز بەرگەن ۋە پۇقرالارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بۇ شىددەتلىك ھۇجۇمدىن كېيىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مەزكۇر قوشنا رەقىب دۆلەتلەرنى ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە سوغۇققان بولۇشقا چاقىرغان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ چاقىرىقىدىن كېيىن، پاكىستان ۋە ھىندىستان قىسىملىرى كەشمىردىكى تالاش ـ تارتىشلىق كونترول سىزىقىنى بويلاپ شۇ كۈنى تۈن بويى پۈتۈن بىر كېچە بىر ـ بىرىگە توختىماي ئوق چىقارغان.

ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئەسكەرلىرى تالاش ـ تارتىشلىق كەشمىر رايونىدا ئىككى دۆلەتنى ئايرىپ تۇرىدىغان كونترول لىنىيەسىنى بويلاپ توقۇنۇشنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئارقا ـ ئارقىدىن بىر ـ بىرىگە ئوق چىقارغان. ھىندىستان ئارمىيەسى پاكىستان ھەربىي بازىلىرىنىڭ ھېچقانداق شەكىلدىكى قۇتراتقۇلۇق ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن بولۇشىغا قارىماي كەشمىردىكى كونترول لىنىيەسىنى بويلاپ يېنىك تىپتىكى قورال ـ ياراغلار بىلەن ھىندىستان ئەسكەرلىرىگە ئوق چىقارغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ھىندىستان ھەربىي دائىرىلىرى :«ھىندىستان قوراللىق قىسىملىرى كىچىك تىپتىكى قورال ـ ياراغلار بىلەن

پاكىستان تەرەپكە تېگىشلىك جاۋاب قايتۇردى» تەرىقىسىدە باياناتلارنى بەگەن، ھەمدە بۇ جەريانىدا ئادەم ئۆلۈش ۋە يارىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

پاكىستاننىڭ كونتروللۇقىدىكى ئازات كەشمىر رايونىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولغان سەييىد ئەشفاق گىلانى جۈمە كۈنى بەرگەن باياناتىدا، پاكىستان ۋە ھىندىستان قوراللىق قىسىملىرىنىڭ تالاش - تارتىشلىق كونترول سىزىقىنى بويلاپ تۈن بويى بىر - بىرىگە ئوق چىقارغانلىقىنى، ئەمما پۇقرالارغا قارىتىپ ئوق چىقىرىلمىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئۇنىڭ ئالاھىدە ئەسكەرتىشىچە، ھىندىستان ئارمىيەسى «توقۇنۇش پاكىستان تەرەپتىن باشلانغان» دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ھىندىستان ئەسكەرلىرى ئالدى بىلەن يېنىك تىپتىكى قورال - ياراغلار بىلەن پاكىستان ئەسكەرلىرىگە ئوق چىقارغان، پاكىستان ئەسكەرلىرىمۇ بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرغان.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھىندىستاننىڭ كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونىدا 26 كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان مەزكۇر قەبىھ ھۇجۇمدىن كېيىن جىددىي باياناتى ئېلان قىلىپ، ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە سوغۇققان بولۇشقا چاقىردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باياناتچىسى ستېفان دۇجاررىچ 24 - ئاپرېل پەيشەنبە كۈنى ئېلان قىلغان باياناتىدا، باش كاتىپ ئانتونىيو گۇتېررېسنىڭ يېقىنقى 24 سائەت ئىچىدە ھىندىستان ۋە پاكىستان ھۆكۈمەتلىرى بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلمىغانلىقىنى، ئەمما ۋەزىيەتنى «ناھايىتى يېقىندىن ۋە قاتتىق ئەندىشە ئىچىدە» كۆزىتىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى : « 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جامۇ كەشمىر ۋە ئازات كەشمىر رايونلىرىدا يۈز بەرگەن، نۇرغۇن پۇقرالارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان تېررورلۇق ھۇجۇمىنى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا قاتتىق ئەيىبلەيمىز. ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە سوغۇققان بولۇشقا ۋە ۋەزىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتمەسلىككە چاقىرىمىز. پاكىستان بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق مەسىلە تىنچ ۋە ئۆزئارا دىئالوگ ئورنىتىش يوللىرى بىلەن ھەل قىلىنىشى كېرەك».

جەمئىي 26 كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان مەزكۇر تېررورلۇق ھۇجۇمى ھىندىستان خەلقىنى ھەيران قالدۇرغان ۋە قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان، ئاشقۇن ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ھەتتا بۇنى باھانە قىلىپ، پاھالگام ھۇجۇمىدىن كېيىن، ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىردە 1500 دىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىندى. بۇ جەريانىدا، ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە، كۆپىنچىسى ئوقۇغۇچى بولغان كەشمىرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ھىندى مىللەتچى گۇرۇھلىرى تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقى ھەققىدە خەۋەرلەر تارقالدى. ھەتتا، 26 - ئاپرېل كۈنى ھىندىستاندىكى بوپالدا بىر مۇسۇلمان ساقچى ئاشقۇن ھىندى دىنى مۇرىتلىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇلغان. ئارقىدىنلا ھىندىستان ئەزەلدىن

دۇشمىنىمىز دەپ قارايدىغان پاكىستانغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشتەك تەلەپلىرى كۆچىيىپ كەتكەنىدى. تارىختىكى تۆت قېتىملىق ھىندىستان ـ پاكىستان ئۇرۇشلىرىنىڭ ئۈچى دەل مۇشۇ كەشمىردە يۈز بەرگەچكە، مەزكۇر رايونغا 500 مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرغان ھىندىستان، مەزكۇر ھۇجۇمنىڭ پاكىستان بىلەن «چېگرا ھالقىغان» چېتىشلىقى بارلىقىنى ئىلگىرى سۈردى، ئەمما تېخىچە بۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق بىر دەلىلنى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلىمىدى. پاكىستان تەرەپ مەزكۇر قەبىھ ھۇجۇم بىلەن ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى قەتئىي رەت قىلدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھىندىستان خەلق پارتىيەسىگە يېقىن مەنبەلەرنىڭ قارىشىچە، گۇمانلىق دەپ قارىلىۋاتقان قارشىلىق كۆرسىتىش فرونتى» ناملىق گۇرۇپپا ھۇجۇمنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈز ‹Resistance Front› » ئۈستىگە ئالغان. ھىندىستاندا كىملىكى ۋە مەۋجۇتلۇقى ئانچە بىلىنىپ كەتمەيدىغان يەرلىك قوراللىق تەشكىلات «قارشىلىق كۆرسىتىش فرونتى» غا تەۋە بەش نەپەر قوراللىق ئۈنسۇر، بۇ ھۇجۇمنى سادىر قىلىپ، 24 ھىندى ساياھەتچىسىنى، بىر خىرىستىئان ۋە يەنە بىر يەرلىك مۇسۇلمان يېتەكچى قاتارلىق 26 يولۇچىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئاقىۋەت، ھىندىستاننىڭ باشقۇرۇشىدىكى كەشمىرنىڭ تالاش ـ تارتىشلىق ھىمالايا رايونىغا جايلاشقان پاھالگامنىڭ بەيساران ۋادىسىدا يۈز بەرگەن مەزكۇر تېرورلۇق ھۇجۇمى ئىككى دۆلەتنى يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى.

بۇ ئارىدا، 24 ـ ئاپرېل پەيشەنبە كۈنى پاكىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن كەشمىرنىڭ پاكىستاننىڭ كونتروللۇقىدىكى ئازات كەشمىر قىسمىدا يۈزلىگەن پاكىستان پۇقراسى ھىندىستاننىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي تەھدىتىگە قارشى غەزىپىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى.

ھىندىستان ئىككى قوشنا دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سۇ مەنبەلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش نىشان قىلىنغان «ھىندى دەريا سۇ كېلىشىمنامىسى» نى توختىتىپ قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن، ھازىرچە مەزكۇر ئەزىم دەريانىڭ پاكىستان تەرەپكە قاراپ بەھەيۋەت ئېقىشىنى تولۇق چەكلەش مۇمكىن ئەمەس. ھىندى دەرياسى ئاسىيانىڭ ئەڭ ئۇزۇن دەريالىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى سەزگۈر چېگرا لىنىيەلىرىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. 1960 ـ يىلىدىن بۇيان 65 يىلدەك ۋاقىتتا مەزكۇر دەريانىڭ 25% سۈيىدىن ھىندىستان، 75% سۈيىدىن پاكىستان پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان ئىدى.

ھىندىستان باش مىنىستىرى مودى يەنە پاكىستانغا ئېقىۋاتقان ھىندى دەريا سۈيىنىڭ ھىندىستاننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كېسىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى ۋە پەقەت ھىندىستاندىلا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ھىندىستان باش مىنىستىرى نارېندرا مودى ھىندىستاندىن چېگرا ھالقىپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ كېسىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ بايانات، ھىندىستاننىڭ ئەزەلىي رەقىبى بولغان پاكىستان بىلەن ئىمزالانغان مۇھىم بىر سۇ كېلىشىمىنى توڭلىتىپ قويۇشىدىن بىرنەچچە كۈن كېيىن ئېلان قىلىندى. مودى باياناتىدا ئىسلامئابادنى بىۋاستە تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، بۇ ۋەقە ھىندىستاننىڭ 65 يىللىق ھىندى دەريا سۇيى كېلىشىمىنى توختىتىپ قويۇشىدىن كېيىن يۈز بەردى. مودى يېڭى دېھلىدا بەرگەن باياناتىدا مۇنداق دېدى :« ھىندىستاننىڭ سۇلىرى سىرتقا ئېقىپ كېتىۋاتاتتى، بۇنىڭدىن كېيىن پەقەت ھىندىستان ئۈچۈنلا ئاقىدۇ. ھىندىستاننىڭ پاكىستانغا ئېقىۋاتقان سۇلىرى ھىندىستاننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كېسىپ تاشلىنىدۇ ۋە پەقەت ھىندىستان ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ». مودى 2016 ـ يىلىلا سۇنى قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىش بىلەن تەھدىت سېلىپ :«قان بىلەن سۇ بىرلىكتە ئاقالمايدۇ» دېگەنىدى.

پاكىستان تەرەپ دەريالىرىغا ئارىلىشىشنى «ئۇرۇش ئېلان قىلىش» دەپ قارايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن مۇتەخەسسىسلەر ھىندىستاننىڭ ھازىرقى سۇ ئامبارلىرىنىڭ سۇنى پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلاش ياكى يۆتكەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەسلىكىنى، شۇڭا ھىندىستاننىڭ سۇلارنىڭ پەقەت ئېقىش ۋاقتىنىلا تەڭشىيەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

خەلقئارا جەمئىيەت كەشمىر مەسىلىسىدە كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلغان يېڭى دېھلى بىلەن ئىسلامئابادقا بېسىم ئىشلىتىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى تاممى بىرۇس: «پاكىستان بىلەن ھىندىستاننى كىرىزىسنى ھەم جەنۇبىي ئاسىيادا ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىق ۋە رايونلۇق مۇقىملىقنى ساقلاشقا تۆرتكە بولىدىغان ھەم مەسئۇلىيەتچانلىق ئاساسىدا ھەل قىلىش يولىدا ھەمكارلىششقا چاقىرىمىز» دېدى.

نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى يەرلىك مۇسۇلمانلار تەشكىل قىلىدىغان كەشمىر، ھىندىستان بىلەن پاكىستان 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن بۇيان ئىككى دۆلەت ئارىسىدا بۆلۈنۈپ كەتكەن ؛ ھەر ئىككى دۆلەت ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىكتىكى بۇ مۇنبەت رايوننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە، لېكىن ھەر ئىككىسى كەشمىرنىڭ پەقەت بۆلۈنۈپ كەتكەن قىسمىنىلا كونترول قىلماقتا. كەشمىردىكى يەرلىك قوزغىلاڭچى گۇرۇپپىلار 1989 ـ يىلدىن بۇيان ھىندىستاننىڭ كونتروللۇقىدىكى كەشمىردە مۇستەقىللىق ياكى پاكىستان بىلەن بىرلىشىشنى تەلەپ قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ كەلمەكتە. يېقىنقى مەزگىللەردە مودى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلار تەشكىلاتلىرىغا، ئۇلارنىڭ دىنىي كىتابلىرى ۋە مەكتەپلىرىگە قاراتقان باستۇرۇش ھەرىكەتلىرى مەزكۇر رايون خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپ كەلمەكتە ئىدى. كەشمىر 2019 ـ يىلى 5 ـ ئاۋغۇستتىن

باشلاپ ئالاھىدە يۇقىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن بۇيان، ھىندىستاننىڭ يەرلىك مۇسۇلمانلىرىغا قاراتقان رادىكال سىياسەتلىرى ۋە باستۇرۇشلىرى كۈچىيىپ كەتكەن. ھەتتا، ئەينى چاغدىكى ھىندىستان قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى گېنىرالى شىمالىي قىسىم ھەربىي قىسمىنىڭ قوماندانى ئاشكارا ھالدا، كەشمىردە خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان جازا لاگېرلىرىدەك يەرلەرنى قۇرۇپ، كەشمىردىكى يەرلىك مۇسۇلمان ياشلاردىكى دىنىي رادىكاللىقنى تۈگىتىشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى.

مەزكۇر تېررورلۇق ھۇجۇمىدىن 55 كۈن بۇرۇنقى كەشمىردىكى ۋەزىيەتكە قاراپ باقىدىغان بولساق، بۇ يىل 1 ـ مارت شەنبە كۈنى جامۇ كەشمىرنىڭ سىياسىي مەركىزى بولغان سىرىناگار رايونىدا باشلانغان دىنىي ۋە سىياسىي باستۇرۇشلارنىڭ دائىرىسى باشقا رايونلارغىمۇ كېڭەيدى. شۇ يەرلىك مۇسۇلمان رەھبەرلەر يۇقىرىقى ھەرىكەتلەرنى ئىسلام دىنى نىشان قىلىنغان زوراۋانلىق ھۇجۇمى دەپ ئاتىدى. گەرچە، ئالاقىدار تارماقلار ساقچىلارنىڭ بۇ باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى «چەكلەنگەن بىر تەشكىلاتنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى يېيىش نىشان قىلىنغان كىتابلارنىڭ مەخپىي سېتىلغانلىقىغا دائىر ئىستىخبارات» قا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كىتابنى يازغۇچىنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلىمىدى. ئەمما كىتابچىلار مۇسادىرە قىلىنغان كىتابلارنىڭ ئىسلام جامائىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدىغا ئائىت ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. كىتابچى شامىم ئەھمەد توقار مۇسادىرە قىلىنغان كىتابلارنىڭ «ئېسىل ئەخلاقىي قىممەت ـ قاراشلار ئاساسىدا مەسئۇلىيەتچان پۇقرا بولۇشنى تەرغىب قىلىدىغانلىقىنى» قەيت قىلدى. كەشمىرنىڭ باش ئىمامى ئۆمەر فارۇق، «ئىسلام دىنى ئەسەرلىرىگە قارىتا بېسىم ئىشلىتىش ۋە بۇ ئەسەرلەرنى كىتاب دۇكانلىرىدىن يىغىۋېلىش بىمەنىلىك» دېدى ۋە بۇ ھەرىكەتنى ئەيىبلىدى. ئۇ يەنە، بۇ كىتابلارنىڭ ئىنتېرنېتتىنمۇ تېپىلىدىغانلىقىنى سۆزلىرىگە ئىلاۋە قىلدى. مۇتەخەسسىسلەر ۋە كەشمىر رايونىدا ياشايدىغان نۇرغۇن كەشمىرلىكلەر، مودى ھۆكۈمىتىنىڭ 2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا كەشمىرنىڭ ئالىي ئاپتونومىيەلىك ھوقۇقىنى بىكار قىلىشىدىن كېيىن پۇقرالار تۈرلۈك ئەركىنلىكلىرىنىڭ، بولۇپمۇ دىنىي ئەركىنلىكىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

پاھالگام ھۇجۇمىدىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا بىر قاتار ئۆچ ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. ھىندىستان، پاكىستان بىلەن تۈزۈلگەن ھالقىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە «ھىندى دەريا سۇيى كېلىشىمى» نى توختىتىپ قويدى ۋە بىردىنبىر ئوچۇق بولغان قۇرۇقلۇق چېگرا ئېغىزىنى تاقىدى. 27 ـ ئاپرېل يەكشەنبە كۈنىدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدىغان شەكىلدە پاكىستان پۇقرالىرىغا بېرىلگەن ۋىزالارنى بىكار قىلدى. پاكىستانمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن ھىندىستان پۇقرالىرىغا بېرىلگەن ۋىزالارنى بىكار قىلدى، ھاۋا بوشلۇقىنى ھىندىستان ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىگە تاقىدى، قوشنىسى بىلەن بولغان بارلىق سودىنى توختاتتى ۋە ھىندىستان بىلەن تۈزۈلگەن «سىملا كېلىشىمى» نى توڭلاتتى. 1972 ـ

يىلىدىكى مەزكۇر كېلىشىم، جەنۇبىي ئاسىيادا تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە بولۇپمۇ كەشمىردىكى ئىختىلاپنى ئاساس قىلىپ، كەشمىردىكى ھەممە زىددىيەتلەرنى ئىككى تەرەپلىك ئادىل ھەل قىلىش مەقسىتىدە تۈزۈلگەنىدى.

مەزكۇر ھۇجۇمدىن كېيىن، ھىندىستان پاكىستانغا قارشى بىر قاتار ئۆچ ئېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىپ، ۋەزىيەتنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋەتتى. ھىندىستاننىڭ تەدبىرلىرى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىشنى، سودىنى توختىتىش ۋە 1960 ـ يىلىدىكى دۇنيا بانكىسى كېپىل بولغان «ھىندى دەرياسى شەرتنامىسى» نى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇش قاتارلىق مىسلى كۆرۈلمىگەن خەتەرلىك تەدبىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. بۇ شەرتنامە ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئالتە تارماق دەريانىڭ سۈيىنى ئىككى دۆلەتكە ئۆچتىن بۆلۈپ بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان كېلىشىم ئىدى.

پاكىستان بۇ تەدبىرلەرگە قارشى تېگىشلىك جاۋاپ قايتۇرۇش سۈپىتىدە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىش، سودىنى چەكلەش ۋە ھىندىستان ئاۋئىاتسىيە شىركەتلىرىنىڭ پاكىستان ھاۋا بوشلۇقىنى ئىشلىتىشنى چەكلەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. پاكىستان ھىندىستاننىڭ پاكىستانغا ئاقىدىغان دەريالارنىڭ ئېقىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنغان ھەر قانداق ھەرىكىتىنىڭ «ئۇرۇش ئېلان قىلىش ئىغۋاگەرچىلىك ھەرىكىتى» دەپ قارىلىدىغانلىقىنى ۋە كېرەكلىك جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئىسلامئاباد دائىرىلىرى ھەر قانداق ھەربىي ھۇجۇمغا پۈتۈن كۈچى بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، خەلقئارا جەمئىيەت، يېڭى دېھلىنىڭ پاكىستانغا ياكى پاكىستان باشقۇرۇشى ئاستىدىكى ئازات كەشمىر رايونىغا قۇرۇقلۇق ۋە ياكى ھاۋادىن ھۇجۇم قوزغايدىغان ياكى قوزغىمايدىغانلىقىنى يېقىندىن كۆزەتمەكتە.

ئامېرىكانىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنياۋى چوڭ كۈچلەر ۋەزىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن ھەم پاكىستان، ھەم ھىندىستان رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقىلاشماقتا. رۇسىيە ، خىتاي، قوشنا ئىران ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى بىر قىسىم ئاساسلىق ئەرەب دۆلەتلىرىمۇ پاكىستان ۋە ھىندىستان رەھبەرلىرىنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ۋە دىپلوماتىيە ئارقىلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا چاقىرماقتا.

ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى مۇئاۋىن پرېزىدېنتى ج.د. ۋانس، ۋاشىنگتوننىڭ ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىردە يېقىندا يۈز بەرگەن ھۇجۇمغا ھىندىستان قايتۇرىدىغان ئىنكاسىنىڭ كەڭ

كۆلەملىك رايون توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئامېرىكانىڭ بۇنداق توقۇنۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ۋانس فوكس خەۋەرلەر قانىلىنىڭ «برېت بايېر بىلەن مەخسۇس دوكلات» پىروگراممىسىدا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ ئۈمىدىمىز شۇكى، ھىندىستاننىڭ بۇ تېررورلۇق ھۇجۇمغا قايتۇرىدىغان جاۋابى كەڭ كۆلەملىك رايون توقۇنۇشىغا سەۋەب بولمايدىغان شەكىلدە بولۇشى كېرەك». ۋانس يەنە ۋاشىنگتوننىڭ، ھۇجۇمنىڭ جاۋابكارلىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن پاكىستاننىڭ ھىندىستان بىلەن ھەمكارلىشىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا، بىز پاكىستاننىڭ - بۇ ۋەقەدە قايسى دەرىجىدە مەسئۇلىيىتى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر - ئۆز تېررىتورىيەسىدە پات-پات پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تېرروررچىلارنىڭ قولغا ئېلىنىپ جازالىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھىندىستان بىلەن ھەمكارلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز بۇ ئىشلارنىڭ مۇشۇ يۆنىلىشتە كېتىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. ئەلۋەتتە، بىز يېقىندىن ئالاقىلىشىۋاتىمىز. نەتىجىسىنى كۆرىمىز». بۇ بايانات، دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋرىگە قارىغاندا، پاكىستان ئارمىيەسىنىڭ شەرقتىكى قوشنىسى ھىندىستان بىلەن بولغان جىددىيلىك كۈچەيگەن بىر پەيتتە كەڭ كۆلەملىك ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ بىر كۈندىن كېيىن ئېلان قىلىندى. رادىيو پاكىستاننىڭ پەيشەنبە كۈنى بىخەتەرلىك مەنبەلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈشىچە، ئۇرۇش مانېۋىرلىرى ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسى دائىرىسىدە زامانىۋى قوراللارنى ئەمەلىي ئىشلىتىپ كۆرسىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر بۇ مانېۋىرلاردا ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

چارشەنبە كۈنى (Marco Rubio) ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىسترى ماركو رۇبىيو جەنۇبىي ئاسىيادىكى جىددىيچىلىكنى پەسەيتىشكە چاقىردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىمۇ ھەر ئىككى دۆلەتنى «ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە سوغۇققان بولۇش»قا ئۈندەپ، مەسىلىلەرنى «مەنىلىك دىيالوگ ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش» كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىسترى سېرگېي لاۋروۋ پاكىستانلىق مەنسەپدىشى بىلەن كۆرۈشكەندە پاكىستان بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى كەشمىر جىددىيچىلىكىنى ھەل قىلىشقا رۇسىيەنىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تاشقى ئىشلار مىنىسترلىقى 27 - ئاپرېل يەكشەنبە كۈندىكى باياناتىدا، لاۋروۋنىڭ پاكىستاننىڭ مۇئاۋىن باش مىنىسترى ئىسھاق دار بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ: «يېڭى دېھلى بىلەن ئىسلامئاباد ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كۈرۈنەرلىك كەسكىنلىشىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى» دېيىلدى. رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىسترلىقى تېلېگرامما ھېسابىدا ئېلان قىلغان باياناتىدا: «رۇسىيە 22-ئاپرېل كەشمىر ۋادىسىنىڭ پاھالگام رايونىدا يۈز بەرگەن تېررورلۇق ھۇجۇمىدىن كېيىن پەيدا بولغان ۋەزىيەتنىڭ سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىنىشىغا تۆھپە قوشۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى» دېيىلدى. ئىككى قوشنا دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشنى ھەل

قىلىشنى خالىغان لاۋروۋنىڭ دار بىلەن كۆرۈشۈشى، ھىندىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۇبراخمانيام جايشانكار بىلەن كۆرۈشۈپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئىشقا ئاشتى. نامەلۇم قۇراللىق ئۇنسۇرلار ئالدىنقى ھەپتە كەشمىر ۋادىسىدىكى تاغلىق ساياھەت رايونى پاھالگامدا يۈز بەرگەن ھۇجۇمدا كەم دېگەندە 26 كىشىنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان كەشمىر ھەر ئىككى دۆلەت تەلەپ قىلىۋاتقان رايون بولۇپ، ئىلگىرى بىر قانچە ئۇرۇش، تويپىلاڭ يۈز بەرگەن ۋە دىپلوماتىيە قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى. رۇسىيە ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ھىندىستاننىڭ ئەڭ چوڭ قورال بىلەن تەمىنلىگۈچىسى بولۇپ كەلدى، يېڭى دېھلى بىلەن موسكۋانىڭ بۇنداق قويۇق مۇناسىۋىتى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكى ستالىن ۋە خروششوف دەۋرىدىن باشلانغان ئىدى.

پاكىستاننىڭ ھىندىستان بىلەن كەشمىر مەسىلىسى بويىچە جىددىيچىلىك يۈز بەرگەن بىر ۋاقىتتا ئىككى قېتىم باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىناق قىلىشى، جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ھەربىي مانېۋىرلىرىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىنى ۋە خەلقئارا جىددىيچىلىكنى پەسەيتىش چاقىرىقلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. پاكىستان ئارمىيەسى 5 ـ ماي دۈشەنبە كۈنى باياناتات ئېلان قىلىپ، 120 كىلومېتىر ( 75 ئىنگلىز مىلى ) مۇساپىلىك بىر باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى ئېلىپ بارغانلىقىنى ۋە ھىندىستان بىلەن تالاش ـ تارتىشلىق كەشمىر مەسىلىسىدە جىددىيچىلىك كۈچەيگەن ئىككى كۈن ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. يېڭى دېھلى ئىسلامئابادنى ئۆتكەن ئاي ھىندىستاننىڭ كونتروللۇقىدىكى كەشمىردىكى ساياھەتچىلەر نىشان قىلىنغان قەبىھ ھۇجۇمنى قوللاش بىلەن ئەيىبلىدى. بۇ، يادرو قوراللىرىغا ئىگە ئىككى قوشنا دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يېڭى بىر جىددىيچىلىك پەيدا قىلدى. پاكىستان ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان باياناتتا مۇنداق دېيىلدى :« نۆۋەتتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىشنىڭ نىشانى قوراللىق قىسىملارنىڭ تۈرلۈك ھەربىي ھەرىكەت تەييارلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبانىڭ ئىلغار يول باشلاش سىستېمىسى ھەم يۇقىرى سەۋىيەدە دەل نىشانغا تېگىشى قاتارلىق مۇھىم تېخنىكىلىق پارامېتىرلىرىنى دەلىللەش ئىدى» . بۇنىڭدىن بۇرۇن پاكىستان تەرەپ 26 ـ ئاپرېل شەنبە كۈنى ئارمىيە 450 كىلومېتىر ( 280 ئىنگلىز مىلى ) مۇساپىلىك قۇرۇقلۇقتىن قۇرۇقلۇققا قويۇپ بېرىلىدىغان بىر باشقۇرۇلىدىغان بومبانى سىناق قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەر ئىككى سىناقنىڭ قەيەردە ئېلىپ بېرىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىدى. پاكىستان باش مىنىستىرى شاھباز شېرىف ئارمىيەنىڭ «دۆلەت مۇداپىئەسى ئۈچۈن تولۇق تەييارلىقى» دىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. شېرىف باياناتىدا: «باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشى پاكىستاننىڭ مۇداپىئەسىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ روشەن نامايەندىسىدۇر» .

پاكىستاننىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى ھىندىستان باش مىنىستىرى نارېندرا مودىنىڭ 22-ئاپرېل كۈنى پاھالگامدا 26 كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ھۇجۇمغا جاۋابەن ھىندىستان ئارمىيەسىگە «تولۇق ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئەركىنلىكى ھوقۇقى» بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلىشىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلدى. پاكىستان بۇ ھۇجۇمغا ئارىلاشقانلىقىنى رەت قىلىپ، مۇستەقىل تەكشۈرۈش باشلاشنى تەلەپ قىلدى. ئىسلامئاباد ئۆتكەن ھەپتە قوشنىسىنىڭ پات يېقىندا ھاۋا ھۇجۇمى ئېلىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى ۋە ھىندىستاننىڭ ھەرقانداق ھۇجۇمىغا قايتۇرما ھۇجۇملۇق كۈچ ئىشلىتىپ جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا بىلدۈردى. خەلقئارا جەمئىيەت تالاش-تارتىشلىق كەشمىر رايونى ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلغان يېڭى دېھلى بىلەن ئىسلامئابادقا جىددىيچىلىكنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن بېسىم ئىشلەتمەكتە. ھىندىستان دۆلەت مۇداپىئەسى مەنبەلىرىگە كۆرە، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي چېگرا ھېسابلىنىدىغان ھەربىيلەشتۈرۈلگەن كونترول لىنىيەسىنى بويلاپ ئۇدا 9 ھەپتىدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ھەر كېچىسى تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر بىر-بىرىگە قارشى ئوق چىقىرىشماقتا.

يېڭى دېھلى ئالدىنقى ئايدا تالاش-تارتىشلىق كەشمىرنىڭ ھىندىستان تەرەپتىكى ساياھەتچىلەر نىشان قىلىنغان ھەم ئادەم ئۆلۈش ئەھۋالى كۆرۈلگەن ھۇجۇمنىڭ جاۋابكارىنىڭ پاكىستان ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئەھۋالنىڭ نەتىجىسى قاتتىق تەھدىتلەر ۋە دىپلوماتىك جاۋابلار بولدى. پاكىستان بۇ ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلدى. 5 - ماي دۈشەنبە كەچتىن ئەتىسى سەيشەنبە كۈنى تاڭ سەھەرگىچە، ھىندىستان قىسىملىرى «سىندور ھەربىي ھەرىكىتى» نى باشلاپ پاكىستان ۋە پاكىستان باشقۇرۇۋاتقان ئالىي ئاپتونۇم رايون بولمىش ئازاد كەشمىردىكى توققۇز نىشانغا ھۇجۇم قىلدى. پاكىستان ئارمىيەسى باياناتچىسى ھىندىستاننىڭ ئۈچ نۇقتىغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئاتقانلىقىنى ۋە ئىسلامئابادنىڭ بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پاكىستان تەرەپتە بالىلار ئويۇن ساھەلىرىدە جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش مەشىقلىرى ئېلىپ بېرىلدى، رايون ئاھالىلىرىدىن يېمەكلىك ۋە دورا زاپاس قىلىش تەلەپ قىلىندى، دىنىي مەكتەپلەر تاقالدى. ھىندىستاننىڭ كونتروللۇقىدىكى كەشمىردە كەڭ كۆلەملىك قوراللىق كىشىلەرنى ئاختۇرۇش - تۇتۇش ھەرىكىتى داۋاملاشماقتا، چېگرا بويىدا ياشايدىغانلار يىراققا كۆچۈپ كەتمەكتە ياكى توقۇنۇشلاردىن ئەنسىرەپ ئۆزلىرىگە يېڭى پاناھ جاي ئىزدىمەكتە.

شۇنداق قىلىپ، يۇقىرىقى قاباھەتلىك ھۇجۇمدىن كېيىنكى 72 سائەتلىك سىياسەتچىلەر ئېغىز ئۇرۇشى ۋە پاكىستاننىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقىدىن كېيىنكى توققۇز كۈنلۈك جىددىي ۋەزىيەت 5 - ماي كۈنى ھىندىستان ئارمىيىسىنىڭ پاكىستانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىشى بىلەن بىراقلا كەسكىنلىشىپ كەتتى. ھىندىستان 5 - مايدىن باشلاپ تۈن بويى پاكىستان ۋە پاكىستاننىڭ كونتروللۇقىدىكى ئازات كەشمىردىكى شەھەرلەر ھەم مەسچىت - جامەلەرگە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ئارقىلىق ھۇجۇم قىلدى،

ھۇجۇملاردا 3 ياشلىق بىر قىز بالا، بىرقانچە ياش ۋە ئىبادەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئۆز ئىچىگە ئالغان كەم دېگەندە 8 پۇقرا ھاياتىدىن ئايرىلدى. پاكىستان دائىرىلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ شىددەتلىك ھۇجۇملارنىڭ بىرى، دەپ قارالغان 5 ـ ماي ھۇجۇمىدا ھىندىستان پاكىستان ۋە پاكىستاننىڭ كونتروللۇقىدىكى ئازاد كەشمىردىكى ئالتە نۇقتىغا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ، باللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۇقرالارنى ئۆلتۈرگەن ۋە جامەلەرگە زىيان يەتكۈزگەن. پاكىستان ئارمىيەسى باياناتچىسى ھىندىستاننىڭ باخاۋالپۇر، مۇرىدكە، مۇزەففەرئاباد، كوتلى، باغ ۋە شەرقىي ئەھمەدپۇر رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ رايونلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاھالىلار زىچ ئولتۇراقلاشقان جايلار ئىدى. لېيتېنانت گېنېرال ئەھمەد شەرىف چاۋدرى بۇ ھۇجۇملاردا پۇقرالارنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى جەزملەشتۈردى ھەمدە ھاياتىدىن ئايرىلغانلاردا ئارىسىدا شەرقىي ئەھمەدپۇردا 3 ياشلىق بىر قىز بالىنىڭ، پاكىستاننىڭ كونتروللۇقىدىكى كەشمىرنىڭ كوتلى رايونىدا 16 ياشلىق بىر قىز بالا ۋە 18 ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدۈردى. لاھور ئەتراپىدىكى مۇرىدكە شەھىرىدىمۇ بىر كىشى ئۆلتۈرۈلدى. ئونلارچە كىشى يارىلاندى، ئىككى كىشى يوقاپ كەتتى. چاۋدرى گارنىزون شەھىرى راۋالپىندىدا تاڭ سەھەرگە يېقىن ئۆتكۈزگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «ھىندىستان ئارمىيەسى ھەر خىل قوراللارنى ئىشلىتىپ ئالتە جايغا ئۇدا 24 قېتىم ھۇجۇم قىلدى» دېدى. ئۇ، بىر جامەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ جايلارنىڭ پاكىستاننىڭ ئىچىدە ۋە پاكىستاننىڭ كونتروللۇقىدىكى ئازاد كەشمىردە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. پاكىستان ھىندىستاننىڭ بۇ ھۇجۇملىرىغا جاۋاب قايتۇرۇپ، ھىندىستاننىڭ 5 ئۇرۇش ئايروپىلانى ۋە نۇرغۇن قوراللىق ئۇچقۇچىسىز ھاۋا ئاپپاراتلىرىنى ئېتىپ چۈشۈرگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى.

پاكىستانلىق ئەمەلدارلار ۋە يەرلىك تاراتقۇلار 7 ـ ماي كۈندىكى باياناتىدا، ھىندىستاننىڭ پاكىستانغا قىلغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھۇجۇملىرىدا سەككىز كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشى، 35 كىشىنىڭ يارىلىنىشى ۋە ئىككى كىشىنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىشىدىن كېيىن، پاكىستان ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ھىندىستان ھاۋا ئارمىيەسىگە تەۋە بەش ئۇرۇش ئايروپىلانىنى چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. پاكىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى خاۋاجا ئاسىف، 7 ـ ماي چارشەنبە كۈنى بەش ھىندىستان ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ چۈشۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئاسىف بلۇمبېرگ قانىلىغا: «ئەگەر ھەربىي ھۇجۇملار توختىتىلسا... بىز ھىندىستان بىلەن سۆزلىشىمىز. بىز بۇ ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنى خالىمايمىز. ئەگەر ھىندىستان دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇرسا، بىز چوقۇم جاۋاب قايتۇرۇشقا مەجبۇرمىز» دېدى. پاكىستان ئارمىيەسىنىڭ باياناتچىسى، گېنېرال لېيتېنانت ئەھمەد شەرىف چاۋدرى، رويتېرس ئاگېنتلىقىغا قىلغان سۆزىدە، پاكىستاننىڭ ھىندىستان ئىشلەتكەن ئۈچ «رافال(Rafale)» تىپلىق ئايروپىلان، بىر «سۇخوي سۇ-(Sukhoi SU-30)30» ۋە بىر «مىگ-(MIG-29)29» تىپلىق ئايروپىلانىنى چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ھىندىستان ھۆكۈمەت

مەنبەلىرى، رويتېرس ئاگېنتلىقىغا ئۈچ ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىردە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى دەلىللىدى. بىر ھىندىستانلىق ئەمەلدار، يارىلانغان بىر ئۇچقۇچىنىڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈردى. ھىندىستان، پاكىستاننىڭ باياناتلىرىغا ھازىرچە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى.

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا
# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2025 -يىلى 5– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 5 – ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە)

# دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

(2025-يىلى، 5-ئاي)

5-ئاينىڭ 8-كۈنى:

**بىزگە مۇناسىۋەتلىك يېڭى كىتاب ئامېرىكانىڭ مۇھىم ئەقىل ئامبىرى تەرىپىدىن تەشۋىق قىلىندى**

ئامېرىكادا خىزمەت ئېلىپ بېرىۋاتقان خادسىن ئىنىستىتۇتى «ئەي غەربلىكلەر ئويغىنىڭلار! شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم كەلگۈسىنىڭ بېشارىتىدۇر» ناملىق چاقىرىق ئېلان قىلدى.

جون بېك ئىسىملىك بىر ژۇرنالىست يېقىندا «تۇتۇلۇشى كېرەك بولغانلار تۇتۇلۇشى كېرەك» ناملىق بىر كىتاب ئېلان قىلغان بولۇپ، كىتابتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك زۇلۇملىرى ئىلمىي ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان.

ئاپتور بۇ كىتابتا خىتاي يالغۇز شەرقىي تۈركىستاندىلا زۇلۇم قىلىۋاتقان بولماستىن، تىبەت، خوڭكوڭدىمۇ زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ (خىتاينىڭ ئۇ جايلاردىكى زۇلمى شەرقىي تۈركىساندىكى زۇلۇملىرىغا قارىغاندا ھېچنەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە) ۋە بۇ خىل زۇلۇملار ئاستا-ئاستا بەزى باشقا ئەللەر تەرىپىدىن «ئىمپورت» قىلىنىۋاتىدۇ؛ غەرب ئەللىرى خىتاي رېجىمى بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئەسلىدە خىتاينىڭ يېڭى شەكىلدىكى قۇللۇق يارىتىش ۋە زۇلۇم قىلىش قەدىمى ئاستىغا قىزىل پاياندار سېلىپ بېرىۋاتىدۇ، دېگەن ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

خىتاينىڭ زۇلۇم مېخانىزىمىنى دەلىللىك بايان قىلغان جون بېك، غەرب ئەللىرىنى ئۇيقۇسىنى ئېچىشقا چاقىرغان.

5-ئاينىڭ 20-كۈنى:

**خارۋارد ئۇنىۋېرستېتى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى» ئەزالىرىنى تەربىيىلىگەنلىكى ئۈچۈن سەۋەبلىك تەكشۈرۈلۈشكە دۇچ كەلدى**

ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى 2020-يىلى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىسىيى»غا شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇقتا زىت جىنايەتلىرى سەۋەبلىك، ماگنىتسكى قانۇنىغا بىنائەن چەكلىمە يۈرگۈزگەن ئىدى. بۇ چەكلىمە — ئامېرىكالىقلارنىڭ بۇ ئارمىيە بىلەن ھەر قانداق شەكىلدە مۇناسىۋەت قۇرۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ھالبۇكى، خاۋراد ئۇنىۋېرستېتى «خارۋارد-خىتاي ساغلاملىق ھەمكارلىقى» نامى ئاستىدا 2023- ۋە 2024-يىللىرى «تەربىيلەش» باھانىسى ئاساسىدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان. خاۋاردنىڭ يەنە خىتاي بىلەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قاراشلىق ھەربىي ئۇنىۋېرسىتېتلار بىلەن، شۇنداقلا ئىچكى ئەزالارنى يىغىۋېلىش تەتقىقاتلىرى جەھەتلەردىمۇ ھەمكارلاشقانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ جەھەتتە خاۋاردنى سوراقتا تارتىشقا مەسئۇل پارلامېنت ئەزالىرى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى مۇدىرى ئالان گاربېرغا (Alan Garber) مەكتۇپ يوللاپ، مۇناسىۋەتلىك ھەمكارلىقتا ئائىت بارچە ھۆججەت ۋە ئالاقە ئۇچۇرلىرىنى 6-ئاينىڭ 2-كۈنىدىن ئىلگىرى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى.

https://walberg.house.gov/media/in-the-news/national-review-lawmakers-open-probe-harvard-providing-services-ccp-group

5-ئاينىڭ 29-كۈنى:

**خىتاي ئىقتىسادى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئارقىلىق ئۆرە تۇرماقتا**

5-ئاينىڭ 29-كۈنى ئامېرىكادىكى «تەتقىقاتچى ئاخباراتچىلىق ئىدارىسى» تور بېتىدە «خىتاي ئىقتىسادى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئارقىلىق ئۆرە تۇرماقتا» ناملىق دوكلات ئېلان قىلغان.

دوكلاتتا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئۈچۈن خىتايدىكى زاۋۇتلارغا ئەۋەتكەنلىكى باش تېما قىلىنغان.

دوكلاتتا ئالما، تېسلا، سامسۇڭ قاتارلىق يۈزدىن كۆپ خەلقئارالىق ماركىنىڭ خىتاي يولغا قويغان مەجبۇرىي ئەمگەك سېستىمىسى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئالاقىسى بارلىقى پاش قىلىنغان.

ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇرلار ماشىنا زاپچاسلىرىدىن ئېلكتېر ئۈسكۈنىلىرىگىچە بولغان تۈرگۈنلىغان ساھەلەردە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان ۋە ئۇلار ياسىغان مەھسۇلاتلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئېكسپورت قىلىنغان.

ئامېرىكا بۇنىڭغا قارشى قانۇن چىقارغان بولسىمۇ، مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار ئۈچىنچى دۆلەت ۋاستىسى بىلەن قانۇنسىز ھالدا ئامېرىكا بازىرىغا كىرگەن.

«تەتقىقاتچى ئاخباراتچىلىق ئىدارىسى» خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەك ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە زورلاپ ئاپىرىشىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە ئاشكارىلانغاندىن كۆپ يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى؛ ئىچكىرىگە مەجبۇرىي ئىشچىلىققا ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىشقا، ياقا يۇرتلاردا غېرىپ-مۇساپىر بولۇشقا قەتئىي رازى ئەمەسلىكىنى، بۇ جەھەتتىكى ئازابىنى ۋە نارازىلىقىنى شېئىرىي تىللار ئارقىلىق ئىپادىلەپ، دوۋيىن قاتارلىق مېدىيا ۋاستىلىرىدە تارقاتقانلىقىنى بايان قىلدى.

(بۇ ھەقتىكى دوكلاتنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ ساندا ئېلان قىلىنغان.)

https://www.thebureauinvestigates.com/stories/2025-05-30/the-world-sanctioned-xinjiang-cotton.-china-turned-it-into-chicken-feed

**خىتاي مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئۇيغۇر كىملىكىنى تىزگىنلىمەكتە**

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى مۇشۇ ھەقتە ئېلان قىلغان ماقالىدە، خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىدىكى يەتمىشتىن ئارتۇق زاۋۇت-كارخانىغا زور ساندا ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىشچىلىققا ئېلىپ بارغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قاتتىق

كونترول ئاستىدا مەجبۇري ئىشلەيدىغانلىقىنى مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، ماقالىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدا ئېلان قىلىندى.

https://www.nytimes.com/2025/05/29/world/asia/china-uyghur-labor.html

5-ئاينىڭ 31-كۈنى:

**«سىزنىڭ ماشىنىڭىز مەجبۇري ئەمگەك ئارقىلىق ياسالغانمۇ؟»**

5-ئاينىڭ 31-كۈنى، ئامېرىكادىكى «تەتقىقاتچى ئاخباراتچىلىق ئىدارىسى» تور بېتىدە «سىزنىڭ ماشىنىڭىز مەجبۇري ئەمگەك ئارقىلىق ياسالغانمۇ؟» ناملىق ماقالە ئېلان قىلغان.

ماقالىدە مەزكۇر ئىدارە تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان بىر تەكشۈرۈشتە، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى تەمىنلەش زەنجىرى ئۈچۈن مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى.

تەتقىقاتتا تېسلا، ب ئېم دابلىيۇ، ۋولۋو قاتارلىق 30 داڭلىق ماركىلىق ماشىنا كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۈز ماشىنا كارخانىسىنىڭ مەجبۇري ئەمگەككە چېتىشلىقى بارلىقى ئىسپاتلاندى.

ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇرلار خىتاي دۆلىتىنىڭ «ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پروگراممىسى»غا بىنائەن ۋۇخەندىكى «ماشىنا جىلغىسى» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەجبۇري ئىشچىلىققا تۇتۇلغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان ماشىنا ماتورى، توك يولى سىملىرى، بارماق تونۇيدىغان ئېكران قاتارلىق ماشىنا زاپچاسلىرى دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ماشىنىلارغا سېپلەنگەن ئىكەن. ئامېرىكانىڭ مەجبۇري ئەمگەككە قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى قانۇنىي چەكلىمىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈشنى نىشانلىغان خىتاي مېكسىكا، ۋېيتنام قاتارلىق دۆلەتلەردە كارخانا قۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان ماللارنى مۇشۇ دۆلەتلەر ئارقىلىق ئامېرىكاغا ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق، ئامېرىكانىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي چەكلىمىلىرىنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۇسۇلدا كۆز بويىغان.

https://www.thebureauinvestigates.com/stories/2025-05-31/did-coerced-labour-build-your-car

ئۆ. ئالماس تەييارلىدى



نۇرمۇھەممەت ياسىن

ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، «ياۋا كەپتەر» ناملىق داڭلىق ئەسەرنىڭ ئىجادچىسى، تالانتلىق يازغۇچى نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى




ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

كۈتۈشنى بىلىدىغانلارغا ھەممە نەرسىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. -لېۋ تولستوي